BULAK



# بۇلاق

6

2014

源泉 (布拉克) ◎ BULAK

ISSN 1005-0876

12>

9 771005 087006

www.uyghurkitap.com



سەھرادىكى كەچكۈز

دېھقان رەسسام ھەسەنجان ئىمىن سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

تۆت ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى ئومۇمىي 159 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



مەمەت نەۋبەت خوتەنى قەغىزى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن

# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 6 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى          مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» ........................... (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ........................................................................ (13)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەببۇللا


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


«ئەنسۇت ـ تالىبىن»دىن «رەفقۇت ـ تالىبىن»غىچە ........................ ئىمىر غىياس (29)

«كۇللىياتى مەسنەۋىيى خاراباتىي» ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ..................... قۇربانجان ئابدۇقادىر (35)

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئەمرىي» تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ھەققىدە مۇلاھىزە ... ئەرافات ھەسەن مۇساباييۇ (46)

«ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان» چۆچىكىدىكى يالغان بايانالار توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل ....... مۇقەددەس ئابدۇكېرىم (58)

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «سارماچۇق»قا دائىر بايانلار ............... ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي (65)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئوۋچىلىققا دائىر بايانلار ............... ئىسرايىل مۇتىللا (77)
«24 تارىخ›تىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ...............
............... ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل (84)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


رىۋايەتلەر ............... (89)

توپلاپ رەتلىگۈچى: راجەم ئابدۇرېشىت

بەھرام ۋە زۇھرا (چۆچەك) ............... (101)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەد ئوسمان ئەمرىي

ياخشىلىققا ياخشىلىق (چۆچەك) ............... (111)

توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: كۆتۈش (رەسسام: مەمەت نەۋبەت)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن

ياردەمچى مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرەم

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى»*

täginmäk saqïnč 609. qïlïnč biligtä ulatï alqu nomlar saqïnɣalï bögüngäli bolmaɣuluq
610. üčün, bilgä bilig p(a)ramit ymä saqïnɣalï bögüngäli bolmaɣuluq 611. ärür."
tep ulatï m(a)ha piratya p(a)ramit sudur ärdinig keŋürü
612. ača yada nomlayu yarlïqadï.
anta ötrü sadapira <urudita> bodisatv olormïš 613. oronïntïn oq bo nomuɣ äšidip
altmïš kolti samadi dyanlarïɣ 614. buldï. ötrü kördi ontun sïŋar gaŋ ögüztäki qumnuŋ
615. sanï birlä täŋ yertinčülärdäki alqu kertü-tin kälmišlärniŋ bodisatvlar
616. m(a)hastvlar quvraɣïŋa bo oq užik akšar bölük padak osoɣ
617. yaŋ üzä taypažaki tegmä m(a)ha piratya p(a)ramit sudur ärdinig
618. nomlamïšlarïn. anta ötrü atï kötrülmiš burhan subutiqa inčä tep
yarlïqadï:

تېگمش، ئويلاش
609) ئارقىلىق بىلىم قاتارلىق ھەممە نوملارنى ئويلىغىلى، مۆلاھىزە قىلغىلى بولمىغانلىقى
610) ئۈچۈن، بىلگە بىلىگ پارامىتنىمۇ ئويلىغىلى، مۆلاھىزە قىلغىلى
611) بولماس، ــ دېدى ۋە باشقا ماخا پىراتيا پارامىت سۇدۇر گۆھىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي كەڭرى
612) ئېچىپ چۈشەندۈردى. بۇ چاغدا ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا ئولتۇرغان
613) ئورنىدا بۇ نومنى ئاڭلاپ ئاتمىش كولتى① دىيانلارغا
614) ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئون تەرەپتىكى گاڭ دەرياسىدىكى قۇمنىڭ

* بېشى ئالدىنقى ساندا.

615) سانچىلىك دۇنيادىكى بارلىق تاتاگاتالارنىڭ بۇدساتۋالار
616) ـ 617) ماخاساتۋالار جامائەسىگە تايپاژاكى[2] دېيىلىدىغان ماخا پىراتيا پارامىت سۇدۇر گۆھـەرىنى ھەرپ، سۆز، مىسرالار بويىچە چۈشەندۈرۈپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.
618) ئاندىن كېيىن ساكيامۇنى بۇرخان سۇبۇتىغا مۇنداق دېدى:

39 ـ بەت

619. "ol sadapira uruḍiṭa bodisatv bo bilgä bilig p(a)ramit tïlṭaγïnda

620. bodisatvlar yorïqïŋa tükällig bolγalï up anï täg osoγluγ üstünki ädgü-

621. lärig buldï. muna munṭaγïn bo bilgä bilig p(a)ramit alqu bodisatvlarqa tärk tavraq s(a)rvadyan

622. tükäl bilgä biligig buldurmaqïntïn ärtiŋü säčä yeg adroq čoγ-

623. luγ yalïnlïγ ärür bilmiš kärgäk." tep. anï äšidip birär oronqa käzig-

624. kä tägmäyük bodisatv adïn ymä partagčan toyïnlar-nïŋ köŋülindä antaγ

625. osoγluγ seẓikläri yügärü boldï. "alqu bodisatvlar üč asankelar ičindä

626. yalŋuz bilgä bilig p(a)ramitta oq mu arïtï üẓäliksiz yeg üstünki

627. burhan qutïn bulup üč ätözlärig tanuqlap ontun sïŋarqï yertinčülärdä burhanlar iš-

628. in išläp tinl(ï)γlarqa asïγ tusu yarlïqayur ärki? ärmäsär, taqï ymä

629. munï täg burhan qutïn bulγuqa tïlṭaγ boldačï nomlar bar mu ärki?

630. bar ärsär ymä san üzä qač törlüg bolur ärki?" tep. anta

631. ötrü alqunuŋ sezikin üzmäktä uzanmaqlïγ atï kötrülmiš t(ä)ŋri t(ä)ŋrisi

632. burhan ol anï täg osuγluγ sezinmiš köŋüllüg tinl(ï)γlarnïŋ

633. seziklärin üzä yarlïqaγalïr üčün toyïnlarïγ oqïyu inčä

619) ـــ ئاشۇ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا بۇ بىلگە بىلىگ پارامىت سەۋەبىدىن
620) بۇدساتۋالار يولىدا مۇكەممەل بولۇپ، ئاشۇنداق ئۇستۇنكى ساۋابلارغا
621) ئېرىشتى. بۇ بىلگە بىلىگ پارامىت بارچە بۇدساتۋالارنى ناھايىتى تېز
622) بارچە پاراسەتلەرگە ئېرىشتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ناھايىتى ئېسىل، ئەۋزەل،
623) قۇدرەتلىك دەپ بىلىش كېرەك، ـــ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخى بىرەر ئورۇنغا
624) يەتمىگەن بۇدساتۋالار ۋە باشقا ئادەتتىكىچە راھىبلارنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق

625) شۈبھە ـ گۇمانلار بولدى: «بارچە بودساتۋالار، ئۈچ ئاسانكي ئىچىدە
626) پەقەت بىلگە بىلىگ پارامىتلا ئەڭ ئۈستۈن بولۇپ،
627) بۇرخان قۇتىغا ئېرىشىپ، ئۈچ ۋۇجۇدنى ئىسپاتلاپ، ئون تەرەپتىكى دۇنيالاردا بۇرخانلار ئىشىنى
628) ئىشلەپ، جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەمدىغاندۇ؟ بولمىسا، يەنە
629) بۇنداق بۇرخان قۇتىغا ئېرىشىشكە سەۋەب بولغۇچى باشقا نوملارمۇ بارمىدۇ؟
630) ئەگەر بار بولسا قانچە تۈرلۈك بولۇر؟
631) بۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ شۈبھە ـ گۇمانلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ساكيامونى تەڭرى ھەزرەتلىرى
632) بۇرخانلارنىڭ شۇنداقلا يەنە شۈبھىلىك كۆڭۈللۈك جانلىقلارنىڭ
633) شۈبھىلىرىنى ئۈزۈش ئۈچۈن راھىبلارنى چاقىرىپ

40 ـ بەت

634. tep yarlïqadï: “bar bolur, munda toyïnlar-a, bodisatvlarqa arïtï yorïγuluq

635. altï p(a)ramit tegli nomlar. “qayular ol altï? ” tep ṭesär baštïnqï buši p(a)ramit,

636. ikinti čahšap(a)t p(a)ramit ulaṭï altïnč bilgä bilig p(a)ramit ärür. Inčip munda

637. bodisatvlar buši bašlap beš p(a)ramitlarda näčä qatïγlansarlar altïnč

638. bilgä bilig p(a)ramitta ymä anča oq qatïγlanurlar. nä üčün tep

639. tesär, inčip bo bilgä bilig p(a)ramit burhan qutïn bulγuqa

640. adroq küčlüg yaqïnqï tïlṭaγï üčün. bo tïlṭaγïn bilgä

641. bilig p(a)ramitïγ ögmiš ärür m(ä)n. ärmäsär, beš p(a)ramitlar-

642. sïz yalŋuz bilgä bilig p(a)ramit üzä burhan bolur ärmäz” tep bo uluγ piratya paramit

643. nom sudur ärdinig bašïntïn adaqïŋa tägi tüẓü tükäl nom-

644. layu yarlïqap munuŋ yänä yörüg abipirayïn inčä uqïṭu körkitü

645. yarlïqadï. ärtmiš üdki gaŋ ögüztäki qum sanïnča bögü

646. biliglig burhanlar barča bo altï p(a)ramitlarïγ tolγurmaq üzä

647. burhan qutïn bulu yarlïqadïlar. ken käligmä üdki burhanlar ymä

648. bo oq altï p(a)ramitlarïγ tolγurmaq üzä burhan qutïn

649. bulu yarlïqayurlar. m(ä)n ymä amtï bo oq altï p(a)ramïtlarïγ tolγur-

650. maq üzä üẓäliksiz yeg üstünki burhan qutïn bulup

651. üč ätöz tört bilgä bilig <p(a)ramit sudur> büṭürmäkiŋä tägmiš ärür m(ä)n tep

652. tükädi bo sudur ärdininiŋ 大本緣經 tegmä töz tuγmïš

653. utpadï tïlṭaγïn söẓlämäk taypažaki bir tägzinč.

ädgü ädgü! tükädi.

634) مۇنداق دەپ تەلىم بەردى: بار بولۇر، ئەي راھىبلار، بۇدساتۋالار چوقۇم يۇرۇشكە تېگىشلىك
635) ئالتە پارامىت دېيىلىدىغان نوملار بار. قايسى ئالتە دېيىلسە، ئەڭ بېشىدىكى سەدىقە پارامىت،
636) ئىككىنچىسى پەرھىز پارامىت قاتارلىقلار بولۇپ، ئالتىنچىسى بىلگە بىلىگ پارامىتتۇر. يەنە بۇنداق
637) بۇدساتۋالار سەدىقە پارامىت قاتارلىق (قالغان بەش) پارامىتتا قانچىلىك تىرىشسا، ئالتىنچى
638) بىلگە بىلىگ پارامىتتا شۇنچىلىك كۆپ تىرىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن
639 دېگەندە، بۇ بىلگە بىلىگ پارامىت بۇرخان قۇتىغا ئېرىششتە
640) ئەڭ كۈچلۈك ھەم ئەڭ يېقىن سەۋەبتۇر. بۇ سەۋەبتىن بىلگە
641) بىلىگ پارامىتنى مەدھىيەلىگەندۇرمەن. بولمىسا بەش پارامىتسىز
642) يالغۇز بىلگە بىلىگ پارامىت بىلەنلا بۇرخان قۇتىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ــ دەپ بۇ ئۇلۇغ بىلگە پىراتىيا پارامىت
643) سۇدۇر نوم ئەردىنىنى باشتىن ـ ئايىغىغىچە پۈتۈنلەي سۆزلەپ،
644)مەنىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بەردى.
645) بۇرۇنقى گانگې دەرياسىدىكى قۇمنىڭ سانىچىلىك دانىشمەن
646) بۇرخانلار بۇ ئالتە پارامىتلارنى تولدۇرۇش بىلەن
647) بۇرخان قۇتىغا ئېرىشتى. كېيىن كېلىدىغان بۇرخانلارمۇ
648 بۇ ئالتە پارامىتنى تولدۇرۇش بىلەن بۇرخان قۇتىغا
649) ئېرىشتى. مەنمۇ ئەمدى بۇ ئالتە پارامىتنى تولدۇرۇش
650) بىلەن ئەڭ ئۈستۈنكى بۇرخان قۇتىغا ئېرىشىپ،
651) ئۈچ ۋۇجۇد، تۆت بىلگە بىلىگ پارامىت سۇدۇرنى پۈتكۈزۈش دەرىجىسىگە يەتتىم.
652) بۇ سۇدۇر گۆھىرىنىڭ ئاۋادانا سۇدۇر[3] دېيىلىدىغان ماھىيەت، تۇغماقلىق،
653) سەۋەبنى سۆزلەيدىغان تايپاژاكىدىن بىر جىلد تۈگىدى. ئەدگۈ[4] ئەدگۈ... تۈگىدى.









ئىزاھاتلار:

① كولتى — ھەددى - ھېسابسىز كۆپ سانىنى كۆرسىتىدۇ.

② تايپاژاكى — خەنزۇچە «大般若经»نىڭ ئاھالىق تەرجىمىسى.

③ ئاۋادانا سۇدۇر — بۇددا دىنىدىكى 12 دەرسىنىڭ بىرى بولۇپ. «تەمسىل، ئوخشىتىش، يورۇتۇش چۈشەندۇ- رۇش» دېگەن مەنىدە. يۇقىرىدىكى بۇ نوم «ئاۋادانا» نومىغا كىرىدۇ.

④ ئەدگۇ — «ياخشى» دېگەن مەنىدە.

تۇگىدى

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

---

### ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

بۇلاق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014 - يىلللىق 5 - سانىغا بېرىلگەن «ھەقىقىي ئوغرى كىم؟» ناملىق چۆچەكنى بەت تىزىش جەريا- نىدا تېخنىكىلىق سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، چۆ- چەكنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىلەن كېيىنكى قىسمى ئالمىشىپ قالغان، يەنى 111 - بەت 2 - ستون ئاستىدىن سانىغاندا ئىككىنچى قۇردىن باشلاپ 112 - بەت ئاخىرىغىچە چۆچەكنىڭ باش قىسمى؛ 111 - بەت 1 - ستون 1 - قۇردىن مەزكۇر بەت 2 - سى- تون ئاستىدىن سانىغاندا 3 - قۇرغىچە بولغان قىسمى چۆچەكنىڭ ئاخىرقى قىس- مى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى سورايمىز!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## قەرز

ھەممەتلىكلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ساخاۋەتچى قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. لېكىن، يارۇبۇرادەرلىرى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ كەلمەدى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن خاس خىزمەتكارلىرىدىن بىرسى دېدى:

— ئۇلار سىزدىن ئالغان قەرزلەرنى قايتۇرالمايۋاتقانلىقلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئۇيالغىنىدىن سىزنى يوقلاپ كېلىشكە ئامالسىز قېلىشىۋاتسا كېرەك.

قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە شۇ ئان جارچىنى چاقىرتىپ بۇيرۇدى:

— دوستلارنىڭ خاندانىمىزغا كېلىش يولىنى باغلاپ قويغان مالۇ دۇنياغا تەڭرىنىڭ لەنەتلىرى ياغسۇن. سەن شەھەر رەستىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ جار سېلىپ ئېيتقىنكى، كىمدىكىم قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادەگە قەرزدار بولسا، مانا شۇ دەقىقىدىن باشلاپ شۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق قەرزلىرىدىن ئازادتۇر.

بۇ ئىشتىن كېيىن، قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ، ھال سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۇنىڭ خاندانىدىن ئۈزۈلمەدى.

## ھەممەت ئىگىسى

بۇخارادا دائىم ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، قولىدا بار بولسىلا خەير- ئېھسانىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدىغان، ئىلكىدە يوق بولسىمۇ بىچارە - مىسكىنلەر ئۈچۈن دۆلەتمەنلەردىن سەدىقە توپلاپ، ئېھتىياجلىقلارغا تەقسىملەپ بېرىش بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئالىيجاناب كىشى بار ئىدى. ئادەتتە پېقىر - مىسكىنلەر ھەر خىل ئېھتىياجلىرى بىلەن شۇ كىشىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر كەمبەغەل ئادەم كېلىپ، تۇرمۇشىنىڭ تولىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى، يېقىندا يەنە بىر پەرزەنتلىك بولغانلىقى ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ھەم ئۇنىڭ ئانىسىغا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاشقا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن، يېنىدا بىرەر پۇچۇق يارماقمۇ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئالىيجاناب كىشى ئۇنى يېتىلەپ، بىر قانچە باي ۋە زەردار كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن بۇ كىشىگە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن، ئۇلاردىن كۈتكەن ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى ھاجەتمەننى بىر ساخاۋەتچى زات دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىققا باشلاپ كەلدى ۋە ئۇ زاتنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن دېدى:

— ئاللانىڭ رەھمەتلىرى ساڭا بولغاي! دائىم باشقىلارغا ياردەم قىلاتتىڭ، ئالدىڭغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماستىن ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتىڭ. بۈگۈن مەن بۇ كىشىنى باشلاپ بىر قانچە كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، گۆدەك ئۈچۈن ياردەم قىلىڭلار دېدىم، لېكىن ھېچبىرى جاۋاب قايتۇرماستىن بىزنى ھەيدىدى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چۆنتىكىدىن بىر دىنار چىقاردى ـ دە، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى يېنىدىكى كىشىگە بەردى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

— مانا بۇ، قولۇڭغا پۇل چۈشكىچە ساڭا بېرىلگەن قەرز.

ئۇلار قەبرىستانلىقتىن چىقىپ ئايرىلىشتى. ھاجەتمەن كىشى يېرىم دىنارنى ئېلىپ بازارغا يۈگۈردى، ساخاۋەتچى بولسا ھارغىن ھالدا ئۆيىگە قايتتى ۋە چارچىغىنىدىن كەچكى غىزانىمۇ يېمەستىن ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ كېچىسى مەرھۇم ساخاۋەتچى زات ئۇنىڭ چۈشىگە كىردى ۋە دېدى:

— قەبرە ئالدىدا ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئاڭلىدىم، لېكىن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالىم يوق، سەن تاڭ ئېتىشى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ پەرزەنتلىرىمگە ئېيت، ئۆيدىكى ئوچاقنىڭ ئاستىنى كولىسۇن، ئۇ يەرگە ئىچىگە بەش يۈز دىنار سېلىنغان بىر غىلاپنى كۆمۈپ قويغانمەن، ئۇلار شۇنى تېپىپ ساڭا بەرسۇن، سەن ئۇنى ھېلىقى ھاجەتمەنگە ئاپىرىپ بەرگىن.

ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئالىيجاناب زات ھەمدۇسانالار ئېيتىپ تاڭ يورۇشىنى كۈتتى ۋە سەھەردىلا مەرھۇم ساخاۋەتچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولغان ۋەقەنى ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە سۆزلەپ بەردى. ئۆيدىكىلەر ئوچاق ئاستىنى كولاپ، راستلا ئۇ يەرگە كۆمۈپ قويۇلغان بىر كونا غىلاپنى تېپىپ چىقتى ۋە ئىچىدىكى بەش يۈز دىنارنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ دېدى:

— بۇ پۇل سىلەرنىڭ، مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمنىڭ ئەمدى ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمىدى.

مەرھۇم ساخاۋەتچى زاتنىڭ پەرزەنتلىرى جاۋابەن دېدى:

— دادىمىز ئۆلۈك ھالدا تۇرۇپ خەير ـ ئېھسان قىلىۋاتسا، بىز تىرىك تۇرۇپ بېخىللىق قىلىشقا قاملىشارمۇ؟

ئالىيجاناب كىشى ئىلاجسىز بۇ بەش يۈز دىنارنى ئېلىپ، ھېلىقى ھاجەتمەن كىشىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، پۇللارنى ئۇنىڭغا بەردى. ھېلىقى كىشى بەش يۈز دىنار ئىچىدىن بىر دىنارنى ئېلىپ ئىككىگە بۆلدى ـ دە، يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، قەرزىنى تۆلىدى. يېرىمىنى «شۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە» دەپ ئۆزى ئالدى، قالغان پۇللارنىڭ ھەممىنى كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلدى.

## خۇشاللىق ۋە خاپىلىق

بىر بەدۆلەت باي بار ئىدى. زىمىستان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ كەچكى تاماقتىن كېيىن سەندەلنى

چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان خوتۇن ۋە باللىرىغا بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

— سودا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن يىللاردا، بىر قېتىملىق سەپەردە، باياۋاندا يولدىن ئادىشىپ قالدىم، نە مېنىڭ، نە ئاتلىرىمنىڭ يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈكىمىز توگىدى، ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم. لېكىن ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئارزۇسىدا يىقىلىپ قوپۇپ دېگۈدەك سەپىرنى داۋاملاشتۇردۇم، شۇ پەيتتە يولدا ئالدىمغا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر خالتا ئۇچرىدى. «ئۇنىڭ ئىچىدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىم تا بۈگۈنگىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنتۇلماسلىقىم مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن مەن خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىدىم، كۆردۇمكى، خالتىدا مەن ئارزۇ قىلغاندەك نان - بوغۇرساقلار بولماستىن، بەلكى ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەر بار ئىكەن، بۇلارنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ خاپا بولدۇمكى، شۇ ۋاقىتتىكى خاپىلىقىمنىڭ ئەلىمى تا بۈگۈنگىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ خاپىلىقنى ئۇنتۇپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن.

## باققال بىلەن ئوغرى

خوتۇننىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا كەلگەن ئوغرى، باققالنىڭ تارازىنى توغرا تۇتمىغانلىقىدىن نارازى بولۇپ دېدى:

— مەنغۇ كېچىدە، قاراڭغۇدا يوشۇرۇنچە ئوغرىلىق قىلىمەن، شۇنداقتىمۇ كۇندۇزلىرى ئۆزۈمنىڭ ناچار ئادىتىمدىن خىجىل بولۇپ، ئادەملەردىن قورقۇپ ياشايمەن. سەن بولساڭ كۆپكۆندۈزدە يا خۇدادىن قورقماي، يا بەندىدىن ئويالماي ئادەملەرنى ئوچۇق - ئاشكارا قاقتى - سوقتى قىلىپ ياشايدىكەنسەن - دە!

## قايسى بىرى ئەۋزەل؟

چايخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ساقاللىرى ئاقارغان مويسىپىت بوۋاي ھەمداستىخانلىرىغا شۇنداق دېدى:

— غەيۇرلۇق قىلغاندىن ئوغرىلىق قىلغان ئەۋزەل ھەم پايدىلىقتۇر.

ئاڭلىغۇچىلار ھەيران بولۇشۇپ سوراشتى:

— ئەي بوۋا، ئوغرىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى يامان كۆرۈلىدىغان ناچار ئىللەت، لېكىن ئوغرىلىقنى غەيۇرلۇقتىن ئەۋزەل دېيىشىڭىزدە بىرەر ھېكمەت بارمۇ قانداق؟

بوۋاي جاۋاب بەردى:

— ئوغرى كۈچىنى ئىشلىتىپ، جاسارەت كۆرسىتىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ، ھىيلە - مىكىر ئويلاپ تېپىپ، سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ، مىڭ جاپادا مەقسىتىگە يېتىدۇ، ھېچبولمىغاندا قورسىقىنى بولسىمۇ تويدۇرىدۇ. بىراق غەيۇرتخور بولسا، غەيۇرلۇق قىلىپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەل ئارىسىدا شەرمەندە بولغىنى قالىدۇ، خالاس.

## خوتۇن كىم؟

چايخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەر «خوتۇن دېگەن زادى نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ؟»

دېگەن تېمىدا بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، ھەر كىم ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىشتى. ئاردىن ساقاللىرى ئاقارغان مويسىپىت بوۋاي ھەمداستىخانلىرىغا شۇنداق دېدى:

— خوتۇن دېگەن ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ.

ئاڭلىغۇچىلار ھەيران بولۇشۇپ سوراشتى:

— ئەي بوۋا، خوتۇننى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشىتىشىڭىزدا بىرەر ھېكمەت بارمۇ قانداق؟

بوۋاي جاۋاب بەردى:

— ھەسەل ھەرىسى ھەم نەشتىرىنى سانجىپ جاننى قاقشىتىپ، تەننى ئاغرىتىدۇ، ھەم كوزا كوزا ھەسەل بېرىپ تەنگە قۇۋۋەت، جانغا راھەت بەخش ئېتىدۇ. دېمەك، يېنىڭىزدىكى خوتۇنۇڭ دەل تۇرمۇشۇڭغا ئاچچىق ھەم چۈچۈك ئاتا قىلغۇچى ھەسەل ھەرىسىدۇر.

## ئەجەل ئوقى ساداقتىن چىقسا نىشانغا تەگمەي قايتمايدۇ

ئىككى پادىشاھلىق بايلىق ۋە زېمىن تالىشىپ، بىر - بىرسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتاتتى. ئىنتايىن بەستلىك ۋە بەقۇۋۋەت، باھادىر سۈپەت يىگىتلەردىن بىرسى ناھايىتىمۇ قورقۇنچاق ۋە توخۇ يۈرەك بولۇپ، جەڭ مەيدانىدا يوشۇرۇنغۇدەكلا جاي بولسا ئۆزىنى شۇ يەرگە ئېتىپ، تاكى شۇ كۈنكى جەڭ ئاخىرلاشقۇچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىۋالاتتى. سەپداشلىرى ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇ پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. بىر كۈنى، شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا ھېلىقى قورقۇنچاق يىگىت يوشۇرۇنغان جايدىن تۇيۇقسىز قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئېتىلىپ چىقتى ھەمدە سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مەرتلەرچە باتۇرانە جەڭ قىلدى. كەچقۇرۇن تەبەل ئۇرۇلۇپ خانىنىڭ جەڭنى ۋاقىتلىق توختىتىش توغرىسىدىكى يارلىقى يەتكۈزۈلدى. ئەتىسى، ئۇ يىگىت جەڭدە تۆھپە ياراتقانلارنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ تارتۇقلىنىپ، «باتۇر» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولدى. سەپداشلىرى ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ خىل جاسارەتتىن ھەيران بولۇشۇپ، بۇ خىل شىجائەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراشتى. ئۇ سەپداشلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— شىددەتلىك جەڭ ئەۋجىگە چىققاندا، جان قايغۇسىدا بىر چوڭقۇر خەندەككە يوشۇرۇنۇپ بېشىمنى قوچاقلاپ تۈگۈلۈپ ياتاتتىم، ۋىڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن يادىن ئۈزۈلگەن ئوق بېشىمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇپراققا سانجىلدى، قورققىنىمدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. بىردەمدىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىمنى جەزملەشتۈرۈپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ كۆز يۈگۈرتسەم، يەرگە قادالغان ئوق قىمىرلىغاندەك قىلدى، ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ئەسلىدە بېشىمدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئوق بۇلۇڭغا كىرىۋالغان بىر يىلانغا تەگكەنىكەن. بۇنى كۆرۈپ ۋۇجۇدۇمدا بىر سىلكىنىش پەيدا بولدى - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلىپ دېدىم: «مەيلى قانچىلىك ئېھتىياتتا بول، ئەڭ پىنھان جايغا يوشۇرۇنساڭمۇ، ئەجەل كەلسە، بەربىر سېنى تېپىۋالىدىكەن، ۋاقىت - سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ئەجەل ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن، ئەجەل ئوقى ساداقتىن چىقسا، نىشانغا تەگمەي قايتمايدىكەن». مانا شۇ پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە «يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل» دەپ، قورقۇنچۇمنى يېڭىپ جەڭگە ئاتلاندىم.

## ئۆتكۈنچى دۇنيا، ئۆتنە ئالەم

سىر دەريا ساھىلىدا كاتتا بىر باي بار بولۇپ، مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كېيىردىن يىراق بولۇپ، قانائەت بىلەن ياشايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دەريا سۈيى تېشىپ سا-

ھىلدىكى بارلىق كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆي - جاي، مال - دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتىپ كەتتى. قانائەتچان باي سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ جېنىنى ساقلاپ قالالىدى. دەريا دولقۇنلىرىغا سوقۇلۇپ، شىددەتلىك تاشقىنغا بوي بەرمەستىن، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۈزۈپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە ساھىلغا چىققان باي، تىزىغىچە سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ ئالىقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپ نالە قىلدى:

— ئەي ئاللا، قالغان ئۆمرۈمنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ ھالدا ئۆتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ئىمكانىيەت بەرگەيسەن!

قىرغاقتا تۇرۇپ باينىڭ نىداسىنى ئاڭلىغان بايۋەتچە يىگىت مەسخىرە تەلەپپۇزىدا دوق قىلدى:

— ئاقساقال، يېشىڭىز يەتمىشتىن ئاشقاندەك كۆرۈنىسىز، ئايۋان ساراي، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە بارلىق مال - دۇنيالىرىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز، شۇنداق ئىكەن، بۇ ياشقا كەلگەندە يەنە قانداقتۇر مۇناسىپ ئۆمۈر ھەققىدە سۆز ئاچىسىز؟!

بايۋەتچە يىگىت شۇلارنى دېدى - دە، مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتتى، بىر يىلى بۇ ئەتراپتا كەڭ دائىرىلىك قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى، باينى مەسخىرە قىلغان بايۋەتچە يىگىتنىڭ چارۋا ماللىرى ئاپەتتە پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىدى، خوتۇن - بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپ بىر ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ قورسىقىنى تويدۇرۇش ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپلەردە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈردى. ئاچ ۋە يالىڭاچلىق جېنىغا پاتقان نەۋقىران بايۋەتچە بېشى قايغان پۇتى تايغان جايلاردا تېنەپ يۈرۈپ، ئاخىر سىر دەريا ساھىلىغا كېلىپ قالدى ۋە يىراقلاردىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈننى ئىلغا قىلىپ شۇ تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆن قايرىلغاندا، مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان، مەززىلىك شورپا ھىدى ئەتراپقا تارالغان بىر ھويلا - ئارامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ھايال ئۆتمەي چىرايلىق بىر ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئاچلىق ھەم ھارغىنلىقتىن ھالىدىن كېتەي دېگەن مۇساپىرنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەردىن يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە بىرئازدىن كېيىن ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە تارتىنماستىن غىزالانغاچ تۇرۇشىنى ئېيتىپ بالىلىرى بىلەن بىرگە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا تۇتۇندى. بىرئازدىن كېيىن ئاپپاق ساقاللىرى كۆكسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان، نۇرانە چىراي بىر بوۋاي سالام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئايال باللىرى بىلەن بىرلىكتە چىقىپ ئېرىنى سالاملار بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى، باللار بولسا دادىسىغا ئېسىلىپ، سۆيۈپ ۋە ئۈزلىرىنى سۆيدۈرۈپ ئەركىلەشتى. ئايال ئېرىنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، داستىخانغا تەكلىپ قىلدى ۋە تۆردىكى مېھماننى ئېرىغا تونۇشتۇردى. مۇساپىر مېھمان بىلەن خانىدانىنىڭ ئىگىسى بولمىش بوۋاي بىر قارىشىپلا بىر - بىرىنى تونۇشتى. مۇساپىر يىگىت ئۆيالغىنىدىن ئىككىنچىلەپ بوۋايغا قارىيالمىدى، چۈنكى بۇ بوۋاي ئەينى يىلى سىر دەريا ساھىلىدا يالغۇز قالغان باينىڭ دەل ئۆزى شۇ ئىدى. غىزادىن كېيىن بوۋاي كەچۈرمىشلىرىنى مېھمانغا بايان قىلدى:

— سەن مېنى دەريا ساھىلىدا مەسخىرە قىلىپ، يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، مەن قىرغاقنى بويلاپ يولغا چىقتىم ۋە بۇ يايلاققا يېتىپ كەلدىم، ئاۋۇلدىكىلەر مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، كىيىم ۋە تاماق بەردى، ھەممەيلەن ماڭا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى، شۇنداق قىلىپ، مەن بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالدىم. كېيىنچە، بۇ خانىدانىنىڭ ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان ساھىبەسىگە ئۆيلەندىم، ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك بولدۇم، مېنىڭ ھازىرقى ئەڭ زور بايلىقىم مانا ئالدىڭدا ئولتۇرۇشقان ئەزىز پەرزەنتلىرىم، ئۇلار مېنىڭ ھاياتىمنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغلىرىم، ئۇنىڭدىن سىرت، پەرزەنتلىرىمنىڭ رىزقى نەسىبەسى بولمىش چارۋا ماللىرىمىزمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، تىرىكچىلىك بىر خىلدا داۋاملى-

شىۋاتىدۇ. ئەينى يىلى مەن ئاللادىن مانا شۇلارنى تىلىگەنىدىم، تىلىكىمگە يەتتىم. ئاللادىن مىلك مەرتىۋە رازىمەن، مانا ھازىر ئۆمرۈمنىڭ قالغىنىنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. بايلىق دېگەن ئەركەك زاتىنىڭ قولىنىڭ كىرى، بۇگۈن بار بولسا ئەتىسى يوق بولىدۇ. ئەينى يىلى سەن قاتتىق ئاداشقانىدىڭ، ئەمدى ئېشىنىشىڭ كېرەككى، ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئاسمانغا ئاتقان تاشتەك قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا تېگىدۇ.

## قۇدۇقنىڭ ھۆكمى

بىر ساددا زاھىد بار بولۇپ، ئۇ ھېچكىمدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلمايتتى، پەقەت كىشىلەر ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن ھەدىيەلەر، سوۋغىلارغا قانائەت قىلىپ ياشايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ كەڭ دالىدا بولۇق ئۆسكەن شېكەر قومۇشلۇقىقا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ شېكەر قومۇش نوتىسىدىن شۇمۇرگۇسى كەلدى، لېكىن سوراي دېسە، ئەتراپتا بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ تاقەت قىلالماستىن كەڭ دالاغا مۇراجىئەت قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەي باغرى كەڭ دالا، ماڭا شېكەر قومۇشۇڭنىڭ نوتىسىدىن ئۈچ ـ تۆت دانە بەرسەڭچۇ؟

دالادىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇ دالا ئۈچۈن ئۆزى جاۋاب بەردى:

— بولىدۇ، بەش ـ ئالتە دانە ئالساڭمۇ مەيلى.

زاھىد شۇ يوسۇندا ئۆزىگە ئۆزى ئىجازەت بېرىپ، شېكەر قومۇش شېخىدىن بەش ـ ئالتە تال سۇغۇرۇپ ئېلىپ، شۇمۇرگىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇردى. شېكەر قومۇش نوتىلىرى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەر كۈنى دالاغا كېلىپ ئادىتى بويىچە دالادىن ئىجازەت سوراپ، شېكەر قومۇش نوتىلىرىدىن بەش ـ ئالتە تال سۇندۇرۇپ ئېلىپ، شۇمۇرۇپ كېتىدىغان بولدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ دالانىڭ غوجايىنى بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قالدى، ئۇ: «شېكەر قومۇشلىرىمنى ئوغرىلاپ كېتىۋاتقان زادى قايسى ئەبلەختۇ؟ خەپ، پايلاپ تۇرۇپ سەن لەنتى ئوغرىنى تۇتۇۋالمەن ـ دە، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى.

غوجايىن دالىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ شېكەر قومۇشزارلىقنى كۆزەتتى، زاھىدمۇ يېتىپ كەلدى ۋە قائىدىسى بويىچە دالىدىن ئىجازەت سورىدى، شۇئان غوجايىن ئېتىلىپ چىقىپ زاھىدغا ئاچچىقلاندى، زاھىد بولسا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئەي ساھىب، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! بىھۇدە غەزەپلەنمە، مېنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلىمە، ھەر قېتىم شېكەر قومۇش شېخىدىن ئالغىنىمدا، دالىدىن ئىجازەت سوراپ ئالدىم.

غوجايىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قانداق ئىجازەت ئالدىڭ؟

زاھىد ھەر قېتىم شېكەر قومۇشنى ئېلىشتىن ئىلگىرى نېمىلەرنى قىلغان بولسا، شۇ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى غوجايىنغا تەپسىلىي سۆزلەپ كۆرسەتتى. غەزەپلەنگەن غوجايىن زاھىدنى تۇتۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ قۇدۇق بېشىغا سۆرەپ ئەكەلدى ۋە قۇدۇقتىن سورىدى:

— قۇدۇق، ھەي جان قۇدۇق! ئېيتقىنچۇ، مانا بۇ تەنتەكنى ساڭا قانچە قېتىم شۇڭغۇتاي؟ ئۈچ قېتىممۇ ياكى تۆت قېتىممۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن، غوجايىن يەنە ئۆزى جاۋاب قايتۇرۇپ دېدى:

— ئالدىرىماستىن بەش ـ ئالتە قېتىم شۇڭغۇتساڭ يېتەرلىك بولار.

مانا شۇنداق قىلىپ، دالا ساھىبى ساددا زاھىدنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تازا ئەدەبلىدى ۋە بۇنىڭ-

دىن كېيىن بۇنداق ناماقۇل ئىشلارنى قايتا قىلماسلىقنى جېكىلەپ، قويۇپ بەردى.

## پىخسىق ئەللامە

بۇخارا شەھىرىدە يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئىلىملىك بىر ئەللامە ياشايتتى، لېكىن ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئادەتتىكىچە ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە پىخسىقلىقى ئۇنىڭ بارلىق ئالىيجانابلىقلىرىنى يۇيۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ خەسىسلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئىلىملىك بولغاندىن سىرت، پۇلدار ۋە مۇلۇكدار بايلاردىن بولغان تۇرۇقلۇق پۇل خىراجەت قىلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇشتىن ۋاز كەچكەن ئىدى، ئۇنى ئاز دەپ، ئۆزىمۇ تويغۇدەك يېمەي ـ ئىچمەي، تاپقىنىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ يىغاتتى ۋە ھېچكىمگە بىلىندۈرمەستىن پىنھان جايغا يوشۇرۇپ خۇپىيانە ساقلايتتى. ئۇ شۇ خەسىسلىكى بىلەن بىرەر ئادەمگە جان بەرسە بېرەتتىكى، بىرەر بۇردا نان بەرمەيتتى، شۇڭلاشقىمۇ ھەر ۋاقىت جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يالغۇز يۈرەتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ ئەقىللىك، پەم ـ پاراسەتلىك، لېكىن ئىنتايىن ئاچ كۆز، ھىيلىگەر ۋە قىلنى قىرىققا يارىدىغان ئەييار بىر شاگىرتى بار ئىدى. شاگىرتى ئۇستازىنىڭ ئالتۇنلىرىدىن خەۋەردار ئىدى ۋە بۇ بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە ھىيلە ئىشلىتىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارماندا ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇستىسى يەنىلا ئۇستا ـ دە، بۇ جەھەتتە شاگىرتى ئۇستازىنى ئالداشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. خەسىس ئۇستاز ھىيلىگەر شاگىرتىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى، ئەييار شاگىرت ھامان ئۇستازىنىڭ ئالتۇنلىرىنىڭ پېيىدا يۈرەتتى.

شۇ تەرىقىدە ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتتى، ئۇستاز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئىلىملىك ئۇستاز ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاخىرەت دۆلدۈلىنى توقۇشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇ بىر ئۆمۈر يىغقان ۋە كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ئاسراپ كەلگەن ئالتۇنلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى، ئاخىر ئۆزىگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان چارىنى ئويلاپ تاپقىنىدىن مەمنۇن بولغان ئۇستاز كېسەل كۆرپىسىدە يېتىپ تۇرۇپ، ئالتۇنلارنى پارچىلاپ يۇتۇشقا باشلىدى. خەسىس ئۇستاز ئالتۇنلىرىنى يۇتۇپ بولغان كۈنى ئەجەل سىرتمىقى بويىنىغا سېلىنىپ جان تەسلىم قىلدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر يىغلىشىپ يېتىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئىنسانىيلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پۇل يىغىش قىلىپ، خەسىس ئۇستازنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملاپ، يەرلىككە قويۇپ قايتىشتى. ئارىدىن بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، مەككار شاگىرت خەسىس ئۇستازىنىڭ ئۆي ـ ھويلىلىرىنى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاختۇردى ـ يۇ، لېكىن ئالتۇنلارنى تاپالمىدى. قايتا ـ قايتا، تەكرار ـ تەكرار ئىزدىدى، يەنىلا تاپالمىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى: «ئۇستازىمنىڭ ئالتۇنلىرى ئۆيىدە بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۆيىدىن تېپىلمىدى، ئۇستازىمنىڭ يا قېرىنداشلىرى، يا خوتۇن ـ بالىلىرى بولمىسا، ياكى ئۇ ھېچقانداق خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئالتۇنلار قەيەردە بولۇشى مۇمكىن؟» ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ھىيلىگەر شاگىرتنىڭ كاللىسىغا بىر پىكىر كەلدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، مەككارلارچە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇدۇل قەبرىستانلىققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئۇستازىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، ئەيمەنمەستىن مېيىتنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى ۋە خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

## جۇۋىچى يادىكار

سەمەرقەند دىيارىدا جۇۋا تىكىپ ساتىدىغان يادىكار ئىسىملىك ئىنتايىن ماختانچاق، پوچى، يالغا-

www.nurkitap.com



چى، سۆزمەن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى گاھىدا تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسەت ساھىبى دەپ ماختىنسا، گاھىدا ئەڭ دۆتاگوي سوپى دەپ لاپ ئۇراتتى، گاھىدا ئۇخشىشى يوق سېخىي دەپ كۆرەڭلىسە، گاھىدا ھەممە ئىلىمدە ۋايىگە يەتكەن دانايى دەۋران دەپ جار سالاتتى. ئۇ خالايىقلار توپلاشقان جايلاردا ئىيمەنمەستىن يالغاننى توقۇپ، لاپ ئۇرۇپ، گەپدانلىق قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

— ئۇن يېشىمدا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسى ئىسكەنجىسىدە قالغاندا كېمىسىنى ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھەمدەم بولغانىدىم. ھە، ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئون بەش يېشىمدا جاھىللار ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مەنجانىق (قەدىمكى زاماندىكى تاش ئېتىش قورالى، ئۇرۇش قورالى) قا سېلىپ ئوتقا تاشلىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدىم. ھە، بۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى، يىگىرمە بەش يېشىمدا ھەزرىتى سۇلتانى ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي خانىقاسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇۋاتقاندا لاي ئېتىپ، خىش بەرگەنىدىم.

ئۇنىڭ بۇ تەرىقىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار بىزار بولۇپ دەيتتى:

— ۋاي - ۋۇي يادىكار ئاكا، ئازراق بولسىمۇ راست گەپنى قوشۇپراق سۆزلەڭە بولدى.

يادىكار جاۋابەن ئېيتاتتى:

— مۇبادا ھەزرىتى ئەلى شاھى مەرداندىن ئۆزگە كىشىنى تونۇسام ئۇستۇمدىن خۇدا ئۇرسۇن.

يادىكارنىڭ تىككەن جۇۋىلىرىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ناقابىللىقىغا ھەيران بولماي قالمايسىز ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەر بىر تىكىش ئارىلىقىدىن بارماق پاتىدىكەن، خېرىدارلار ئۇ بازارغا سالغان جۇۋىلارنىڭ تىكىش ئارىلىقىغا بارمىقىنى تىقىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ قانداق تىكىش بولدى ئەمدى؟ — دېسە، ئۇ جاۋابەن ئېيتتى:

— قانداق تىكىش بولاتتى؟ مۇشت ئۆتمىگەندىكىن ياخشى تىكىش بولىدۇ - دە.

بۇ يادىكار جۇۋىچى جامائەت توپلاشقان جايلاردا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سۆزلەيتتى - يۇ، تاھارەتتە قول - پۇتلىرىنى بېغىشىغىچە يۇيۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۈچ بارمىقىنى سۇغا تەگكۈزۈپ ئىككىسىنى يۇماي قوياتتى.

## ھەمدوست

ياركەنت دىيارىدا ئەقىللىك بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇ دائىم دېگۈدەك قولى ئىشتىن بوشىغان ھامان يارۇدوستلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئەركىن، ئازادە ياشايتتى. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا دوستلىرىدىن مېھرىبانلىقىنى ۋە ياردىمىنى ئايىمايتتى. ئۇ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ھەر ۋاقىت ھەر سائەتتە تۆۋەندىكى بېيىتنى زىكىر قىلىشتىن توختىمايتتى:

بۇگۈن قولدا بار ئىكەن يىگىتلىكنىڭ دەۋرانى،
غەيرەت قىل، ئاغرىمىسۇن سەندىن ھېچكىمنىڭ جانى.
ياشلىقنىڭ باھارى دائىم بىر خىل تۇرمايدۇ،
بىر كۈن نۇقسان يېتەرۇ، پەيدا بولار خازانى.

يىگىتنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر، دىلى بىلەن سۆز - ھەرىكىتى بىر ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل خۇلق ۋە ئەدەپ شاراپىتىدىن ھەممە كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بەندىلىك كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى.

گۈزەل يۈزلەرگە گەر چىرايلىق خۇلق بولسا يار،
نەگەندۇر قەدەم قويسۇن، بارچە ئاڭا تەلەبكار.

ئەينەك

ئۆزبېك دىيارىدا كىچىك پېئىللىقتا نام چىقارغان، تەكەببۇرلۇقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بىر سادداكىشى ياشايتتى. ئۇنىڭ ساددىلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بەزى قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇنى كىشىلەر «ھاماقەت» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چوڭ كوچىدا ئۇچرىغان چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىگە سالام بېرىپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز يەردە تاشلىنىپ تۇرغان بىر پارچە ئەينەككە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىدى ـ دە، ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ، ئەينەكنى دەرھال جايىغا قويۇپ قويىدى ۋە تەۋازۇ بىلەن دېدى:

— ئەپۇ قىلىڭ، سىزنىڭ ئەيىنىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن!

ئىشق خاسىيىتى

ئاتا بىلەن ئانا ئەتىۋارلىق ئوغلىنى ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگەنسۇن، دەپ ئۇستازغا تاپشۇردى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى. ئاتا بىلەن ئانا ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇستاز شاگىرتى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ داتلىدى:

— ئوغلۇڭلارنىڭ بىرەر نەرسە ئۆگىنىشكە پەقەتلا رايى يوق، شۇنچىلىك بوشاڭ، بارلىق ۋاقتىنى ئو-يۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ.

ئانا ئۇستازدىن سورىدى:

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتىنىڭ قايسى كەسىپكە مايىللىقىنى، خاراكتېرىنىڭ قايسى ئىشقا قابىللىقىنى بىلەلىدىڭىزمىكىن؟

ئۇستاز خاپا بولۇپ زەردە بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئوغلىڭىز ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشنى خالىمايلا قالماستىن، بەلكى تۇغما قابىلىيەتتىنمۇ مەھ-رۇمدۇر، ھېس قىلىشىمچە، ئوغلىڭىزنىڭ دىققىتى مەھبۇب ئىشقىغا مەركەزلەشكەن، دىلى بولسا مەشۇقە جامالىغا ھەيرانە بولغان ئوخشايدۇ. مەن ئىمان جۇملىسىدىن سوئال سورىسام، ئوغلىڭىز يار ۋەسلى ۋە ھىجراندىن سۆزلەيدۇ. مەن ھالال ۋە ھارامدىن سوئال سورىسام، ئوغلىڭىزنىڭ تىلى يارنىڭ زۇلفى بىلەن خالىدىن باشقىغا كەلمەيدۇ.

ئانا جىددىي ھالەتتە دېدى:

— ئىشق كوچىسىدا يۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى سالامەت بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ يولدا يۈرۈش مالامەتمۇ ئە-مەس. ئىشق ئىزتىراپلىق بولسىمۇ، ئەمما ئاشىق بولۇش ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىدا ئەمەستۇر. ئىشقتا شۇنداق خاسىيەت باركى، ئۇ كىشىنى لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك ۋە ھوشيار قىلىدۇ. جانابىي ئۇستاز، ئوغ-لۇمغا ئىجازەت بېرىڭ.

مەجنۇننىڭ تۆگىسى

مەجنۇن لەيلىنىڭ سەپەرگە چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تۆگىسىگە مىندى ـ

دە، لەيلى بارىدىغان مەنزىل تەرەپكە قاراپ ئالدىراش ـ تېنەش يولغا چىقتى. بالىلىغىنىغا ئۇزاق بولمىغان تۆگىنىڭ كۆزى كەينىدە قالغان بوتىلىقىدا ئىدى، شۇڭا ئۇ كەينىگە تارتىشىپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. لەيلى پىراقىدا كېچىچە كىرپىك قاقمىغان مەجنۇن تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تۆگە يولنى ئارقىغا بۇرىدى. مەجنۇن ئېسىنى يىغىپ، ئادەتتە تولىمۇ رايىشلىق بىلەن غوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغان تۆگىنىڭ نېمىشقا كەينىگە قايتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى ۋە يولنى يەنە لەيلى ماڭغان تەرەپكە بۇرىدى. بىر ئازدىن كېيىن، مەجنۇن يەنە مۈگدەپ قالدى، تۆگە يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇرالغۇسى تەرەپكە يول ئالدى، بۇ خىل ھالەت ئۇدا بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. تاڭ سەھەردىن باشلاپ، شۇ تەرزدە يول يۈرۈپ كۈن ئولتۇرغاندا مەجنۇن دىققەت بىلەن كۆزىتىپ كۆردىكى، ئۇ يەنىلا سەھەردە يولغا چىققان جايدا تۇرۇپتۇ. شۇندا مەجنۇن تۆگىگە قاراپ دېدى:

— ئەي تۆگە، سەن بالاڭغا، مەن بولسام لەيلىگە ئاشىقمەن. دېمەك، بىز يەتمەكچى بولغان مەنزىللەر بىر ـ بىرىگە قارشى يۆنىلىشتە، سەن مېنىڭ يولۇمنى توسۇۋاتىسەن، مەن بولسام سېنىڭ يولۇڭنى توسۇۋاتىمەن، بۇ ھالەتتە بىز يولداش بولالمايمىز. ياخشىسى، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ مەنزىلىگە قاراپ يول ئالايلى.

## لەيلىنىڭ جاۋابى

مەجنۇن ھەققىدە ھېكايە سۆزلەنگەندە، كىشىلەر ھامان لەيلىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بىر ـ بىرىگە دېيىشەتتى. لەيلىگە ئاشىق قەيس لەيلى ئىشتىياقىدا باياۋاننى ئۆزىگە ماكان قىلغاندىن بېرى، كىشىلەر ئۇنىڭ «قەيس» دېگەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ «مەجنۇن» (ساراڭ) لەقىمى بىلەن ئاتايدىغان بولۇشتى، قەيسمۇ ئاشىقلىق كوچىسىغا قەدەم باسقاندىن بېرى، لەيلى ۋىسالىغا يېتىش كويىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ھەتتا ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ مەجنۇن دېگەن نام بىلەن ئەل ئارىسىدا داستان ئىدى. مەجنۇن ھەر كېچە لەيلى ھىجرانىدا ئاھ ئۇرسا، ھەر كۈندۈز لەيلى جامالىنى كۆرۈش تەشنالىقىدا لەيلىنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى، لەيلى بولسا ھامان يۈزىنى مەجنۇندىن يوشۇراتتى. مەجنۇننىڭ ھالىغا ئېچىنغان كىشىلەر لەيلىدىن سورىدى:

— يۈزۈڭنى نېمىشقا مەجنۇندىن يوشۇرىسەن؟

لەيلى جاۋاب بەردى:

— ھەر كۈنى يۈزۈمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋەرسەم، بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ماڭا بولغان مۇھەببەتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

## مەجنۇننىڭ كۆزى

قەيسنىڭ لەيلىنىڭ ھۆسنى ۋە ئىشقىدا مەجنۇن بولغانلىقى ئەلگە مەشھۇر بولدى. لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى تىللاردا داستان بولۇپ كۈيلەندى. پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە: «قەيسنى مەجنۇنغا ئايلاندۇرۇپ، ئەسل ـ ۋەسلىدىن كېچىپ، باياۋانلارنى ماكان تۇتۇشقا ۋە ئەل ئارىسىدا شۇنچە گەپ ـ سۆزگە سەۋەب بولغان لەيلىنىڭ ھۆسن ـ جامالى زادى قانچىلىك دەرىجىدە گۈزەلدۇر؟» دېگەن خىيال پەيدا بولدى ـ دە، دىلىدا لەيلىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ لەيلىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى ۋە ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈپلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، ھەپسىلىسى قېچىپ

ۋەزىرلىرىدىن سورىدى:

— لەيلى چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، قەيسنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەپتۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ۋەزىرلەردىن بىرى جاۋاب بەردى:

— ئۇلۇغ شاھىم، لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك.

## لەيلىنىڭ خۇلقى

بىر بەرنا يىگىت بار ئىدى، ئۇ داۋاملىق شاراب ئىچىپ، گۈلدەك جامالىنى سولدۇرۇپ، يارۇ بۇرادەرلىرىنىڭ جېنىغا جاپا تېگىنى سانجىپ، ھەممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ يۈرەتتى. ئۇ سەرخۇشلۇقتىن (كەيپتىن، مەستلىكتىن) ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دىلىنى كۆيدۈرۈپ، كۆڭۈل ـ ئارامىنى بۇزاتتى. ئۇ بىر كۈنى خانىدانىدا ئادىتى بويىچە ئۆزىگە ئوخشىغان شارابخور بۇرادەرلىرى بىلەن بوزا ئىچىشىپ، كەيىپ قىلىشىپ، ھەرخىل تېمىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، سۆھبەت جەريانىدا لەيلى بىلەن مەجنۇن توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى. ھېلىقى بەرنا يىگىت سورىدى:

— لەيلى ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك رام بولۇپ قالغاندۇ؟

ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرسى مەستۇ مۇستەغرەق ھالدا جاۋابەن شۇنداق دېدى:

— جان بۇرادەر، مەجنۇننى ئۆزىگە رام قىلغان لەيلىنىڭ ھۆسنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىرايلىق خۇلقى.

## شېرىن سۇنغان زەھەر

خىسراۋ پەرۋىز رەقىبىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچلۈك زەھەر تەييارلاتتى، ئۇ زەھەرنى ئالاھىدە شىشىگە قۇيدۇردى ۋە بۇ شىشىنى ئىنسان بىلمەيدىغان بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جىددىي ھالەتتە شېرىنگە قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ تۇرۇپ تاپىلىدى:

— بۇ شىشىنىڭ ئاغزىنى زىنھار ئېچىپ سالما، ھەكىملەر ئۇزاق يىللار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە بۇ ھېكمەتلىك نەرسىنى رويابقا چىقاردى، ھېچكىمگە كۆرسەتمە ۋە بىلدۈرمە.

شېرىن خۇسراۋ پەرۋىزگە ماقۇل جاۋابىنى بەردى. لېكىن، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا شېرىن فەرھاد بىلەن ئۇچراشتى. شىشىگە زەھەر قاچىلانغانلىقىدىن بىخەۋەر شېرىن شىشىدىكىنى تەڭگە جان بېغىشلىغۇچى بىباھا ئابىھايات شەربىتى دەپ بىلىپ، فەرھادقا ناھايىتى كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىش ئۈچۈن، شىشىنى خىسراۋ پەرۋىز يوشۇرۇپ قويغان جايدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىچىملىكتىن پىيالىگە قۇيۇپ فەرھادقا سۇندى ۋە ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن دېدى:

— ئەزىزىم، بۇ شۇنداق ناياب شەربەتكى، خىسراۋ ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار بىلىدۇ، بىراۋلارغا كۆرسەتمەيدۇ ۋە ھېچكىمگە بىرەر تامچىمۇ تېتىتمايدۇ. قېنى، بۇ شەربەتتىن ئىچكىن، جانلىرىڭ سۆيۈنۈپ كەتسۇن.

فەرھاد شېرىنىنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ، خۇددى شېرىن ـ شېكەر شەربەتنى سۇمۇرگەندەك ھۇزۇر بىلەن ئىچىۋەتتى. شېرىن مەيىن ئاۋازدا تەبەسسۇم بىلەن فەرھادتىن سورىدى:

— ئەزىزىم، شېرىنمىكەن؟

قاتتىق ئارامسىزلىنىشقا باشلىغان فەرھاد زورۇقۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— جېنىم شېرىنىم، شەربەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىدىم. لېكىن، ئۇنى سېنىڭ قولۇڭدىن ئىچكەنىم ئۈچۈن ھەسەلدىنمۇ شېرىن بىلىندى.

## ئەپۇ بىھاجەت

بۇخارا ئەمىرلىكىدىكى بىر ئۇلۇغ زاد مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەنسەپتىن قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئەپقېچىشقا، ھەتتا يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بارا — بارا ئۈزۈشكە باشلىدى، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھايات ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلغاندەك، تەقدىر ئۇنىڭ قولىغا يەنە ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىنىڭ تامغىسىنى تۇتقۇزدى. بۇ خەۋەر ئاتقان ئوق تېزلىكىدە ئەل ئارىسىغا تارالدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن دوستلىرى ۋە باشقا مەنسەپدارلار ئۇنىڭغا ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ سالام بېرىشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەستىن تونۇشلىرىدىن بىرسى نۇرغۇن سوۋغا — سالاملار بىلەن ئۇنىڭ خانىدانىغا سالامغا كەلدى ۋە ئۆز قىلمىشىدىن ئەپۇ سوراپ، يۈزسىزلىكىنى ھايات قىسمەتلىرىگە دۆڭگىدى. بۇ ۋاقىتتا مەنسەپدار زات مۇنداق دېدى:

— ناكەس كىشىلەر سېنىڭ مال — دۆلىتىڭ ئۈچۈن ساڭا يېقىنچىلىق قىلىشىدۇ، ئەخمەق كىشىلەر سېنىڭ بەخت — سائادىتىڭ ئۈچۈن ساڭا يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ مەندىن ئەپۇ سورىشىڭنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق.

## دىل ئۇزۇقى

بۇخارادا ئەقلىدىن ئازغان بىر ئايال بار ئىدى، قوشنا خوتۇنلار ئۇنى گەپكە سېلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ جىلە قىلىپ ئويناشقا ۋە ئۇنىڭ جاۋابىدىن كۈلۈشۈپ چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى. بىر كۈنى بىكارچى قوشنىلار بۇ نېرۋىسى ئاجىز ئايالنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا شايى كۆڭلەك كەيدۈرۈپ، ئالتۇن ۋە جاۋاھىر زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپ ئۇسسۇلغا سالدى، بۇنىڭ بىلەن كۈلۈشۈپ قانمىغاندەك، ئۇنىڭغا: «سېنى ئەرگە بېرىمىز» دەپ گەپكە سېلىشتى. ئۆمرىدە بۇنداق قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىپ باقمىغان، ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتتىن ياسالغان بۇنچىلىك گۈزەل زىبۇزىننەتلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئايال بىردىنلا نورمال ئادەملەردەك ئاقىلانە سۆزلەرنى قىلىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ساقىيىپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاشتى. لېكىن، ئۇستىدىكى كىيىم ۋە جاۋاھىراتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئەسلىدىكى ساراڭ ھالىتىگە قايتىپ قالدى. بۇ ھالەتتىن ھەممە ھەيران قېلىشتى.

## مېھمان ئىززىتى بىلەن مېھمان

ياركەنت دىيارىدا بىر سودىگەر بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ جىددىي بىر سودا ئىشى بىلەن ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، چاقىرىلمىغان بىر توپ مېھمان خانىدانىغا كىرىپ كېلىشتى. سودىگەر ئۇدۇمغا ئاساسەن كەينىگە يېنىپ مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە تېز سۈرئەت بىلەن مول نېمەتلەرگە تولغان داستىخان ھازىرلاپ، يېتەرلىك ئىززەت — ئىكراملار بىلەن ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلدى. ئاشلار يېيىلىپ، چايلار ئىچىلىپ، قىزغىن پاراڭلارمۇ سېلىنىپ بىر يەرگە باردى. لېكىن، ئۇزۇندىن —

ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىمەززە پاراڭلارنىڭ ئايىغى چىقمىدىغاندەك، مېھمانلار بولسا ئورنىدىن قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ساھىبخان بولسا ئۇلارنى تېززەك ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ھەمكەسىپلىرىنىڭ يېنىغا بېرىش كويىدا ئىدى، ئەمما كۆڭلىدىكىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇلارغا چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. بىكارچى مېھمانلار كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇشاتتى، ساھىبخانىنىڭ تاقىتى تاق بولدى ـ دە، مېھمانلار ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشتىن پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇشقا ئۆتتى. مېھمانلار شۇ ھالەتتىمۇ كېتىشتىن ئېغىز ئېچىشمىدى، تاقەتسىزلەنگەن ساھىبخان ئامالسىز ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا قاراپ، خۇددى خوتۇنى بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك قىلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى:

— ھە، مانا ھازىر، مېھمانلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قايتماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

## نادىر بېخىل

ئەرەبىستاندا بەنى ھىلال قوۋمىدە نادىر ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، بېخىللىقى، خەسىسلىكى بىلەن ئەل ئارىسىدا مەلۇم ۋە مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ بېخىللىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئۇ ھەر ۋاقىت قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئېلىپ قۇدۇق يېنىدىكى ئېرىقچىغا قۇيۇپ تۆگىلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۆگىلىرى ئىچىپ بولالمىغان ئېشىندى سۇنى ئېرىقچىدىن ئېلىپ، دالاغا سېپىپ سىڭدۇرۇۋېتەتتى ياكى ئىپلاس نەرسىلەرنى تاشلاپ سۇنى بۇلغىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۇ قۇدۇقتىن تارتىپ چىقارغان سۇدا تۆگىلىرىنى سۇغۇرۇشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئادەتتە تۆگىلىرى تېزەكلىشى بىلەنلا دەرھال ھايال بولماستىن، تېزەكنى دەسسەپ، ئېزىپ تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۆگە تېزىكىنى باشقىلارنىڭ يېقىلغۇ سۈپىتىدە پايدىلىنىشىنى زىنھار خالىمايتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ‹بېخىل› دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ ئاتاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى، ئەرەبلەردە كىمكى خەسىس بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنى ‹نادىر بېخىل› دەپ ئاتاش ئۇدۇمغا ئايلانغانىدى.

## كۆزنىڭ جازاسى

بۇخارادا ئەلگە تونۇلغان بىر تەپتىش خادىمى بار ئىدى. ئۇ ھوشيارلىقى، سەزگۈرلۈكى، تەدبىركارلىقى بىلەن يىراق ـ يېقىندىكىلەرگە مەشھۇر ئىدى. تەپتىشنىڭ بەھارىيە ئىسىملىك ئاي يۈزلۈك، گۈل مەڭىزلىك، ساھىبجامال ۋە شەرم ـ ھايالىق، نومۇسچان خوتۇنى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ خانىدانىدىكى خىزمەتكارلار ئارىسىدا بىر قارچىغايچى بار بولۇپ، ئۇ بىھايا ۋە تۇزكور كىشى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارچىغايچىنىڭ يامان كۆزى غوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا چۈشتى ۋە بەھارىيە خانىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدا، خۇپىيانە ھالدا بارلىق ئاماللارنى قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، بەھارىيە خانىمنىڭ ئىزچىل قاتتىق رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ خەلقئالەم ئالدىدا بەھارىيە خانىمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئىككى دانە تۇتى قۇش سېتىۋېلىپ كېلىپ، قۇشلارنىڭ بىرسىگە بەلىخ تىلىدا «مەن دەرۋازىۋەننىڭ بەھارىيە خانىم بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن جۈملىنى، يەنە بىرسىگە «مەن ئەمدى ھېچنېمىنى دېمەيمەن» دېگەن جۈملىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. يەتتە ئاي ئىچىدە تۇتىلار قارچىغايچى ئۆگەتكەن بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. مەلۇم بىر كۈنى تەپتىش

خانىدانىدا يېقىن بۇرادەرلىرى بىلەن بەزمە قۇرۇپ، شاراب ئىچىشىپ، كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇراتتى، ئۆز قىلمىشىدىن مەمنۇن بولغان قارچىغايچى، قەپەستىكى تۇتىلارنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ ئويۇن قىلدۇرۇپ بېرىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنى سايراپ بېرىشكە بۇيرۇدى. تۇتىلار قارچىغايچى ئۆگەتكەن ئىككى جۈملە سۆزنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، خانىداندىكىلەر بەلىخ تىلىنى بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، پەقەتلا تۇتىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغىلا مەپتۇن بولۇپ قىلىشتى ـ يۇ، سۆزنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەر قېلىشتى. تۇتىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ياقتۇرۇپ قالغان تەپتىش خوتۇنى بەھارىيە خانىمغا تۇتىلارنى ياخشىلاپ پەرۋىش قىلىشنى تاپشۇردى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەپتىش خانىدانىغا بەلىختىن مېھمانلار كەلدى. ساھىبخانىلار مېھمانلارنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە مول نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالدى، غىزالار يېيىلىپ، شارابلار ئىچىلىپ، ئويۇن ـ كۆلكە باشلانغاندا، تەپتىش بۇ بىر جۈپ تۇتىنى ئەكېلىپ سايرىتىپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. بەھارىيە خانىمنىڭ نازارەتچىلىكىدە پەرۋىش بىلەن بېقىلغان تۇتىلار تولىمۇ رەڭدار ۋە گۈزەل تۇسكە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار يېقىملىق ئاۋازى بىلەن قارچىغايچى ئۆگەتكەن بەلىخ تىلىدىكى: «مەن دەرۋازىۋەننىڭ بەھارىيە خانىم بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆردۈم» ۋە «مەن ئەمدى ھېچنېمىنى دېمەيمەن» دېگەن جۈملىنى تەكرارلاپ سايراشقا باشلىدى. بەلىخلىق مېھمانلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىمۇ رايى بارماي، باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ ھالدىن ئەجەبلەنگەن تەپتىش مېھمانلاردىن نېمە ئۈچۈن بىردىنلا كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئارىدىن بىرسى تەپتىشتىن سورىدى:

— جانابىي تەپتىش، بۇ قۇشلارنىڭ نېمە دەپ سايراۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمىدۇ؟

تەپتىش جاۋاب بەردى:

— ياق، قۇشلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاشنى بەكلا ياقتۇرىمەن.

مېھمانلار ئارىسىدىن تەنتەكرەك بىر كىشى قۇشلارنىڭ نېمىدەپ سايراۋاتقانلىقىنى تەپتىشكە ئېيتىپ بەردى ۋە قولىنى داستىخاندىن تارتىپ دېدى:

— ناپاك خوتۇننى ساقلىغان خانىداندىن غىزالىنىش بىزنىڭ ئادىتىمىزگە يات قىلمىشتۇر.

شۇ دەمدە، پەگاھدا قول باغلاپ تۇرغان قارچىغايچى دەرھال گەپكە لوقما سالدى:

— تۇتىلارنىڭ سايرىغانلىرى ھەقىقەتتۇر، مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، مەنمۇ خانىمنى بىر قانچە قېتىم شۇنداق ئەھۋالدا كۆرگەنمەن.

غەزەپ ئىشەنچىنىڭ دۈشمىنى ئىدى، دەرغەزەپكە كەلگەن تەپتىشنىڭ ھوشيارلىقى ۋە سالماقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، شۇ دەقىقىدە خوتۇنىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بەھارىيە خانىم تەمتىرىمەستىن ئېرىگە ئېيتتى:

— جان بېگىم، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەڭ، مەن سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىمەن، مېنى خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆلتۈرەلەيسىز، ئەقىللىك ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەر مەسىلىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا، بولۇپمۇ قان تۆكۈشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكى، سەۋرچان بولۇشى زۆرۈردۇر. تۇتىلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، بەلىخلىق مېھمانلاردىن سوراپ بېقىڭ، تۇتىلار شۇ ئىككى جۈملە سۆزدىن باشقا سۆزلەرنى بىلەمدۇ، يوق؟ ئەگەر بىلسە، مېنى ئۆلتۈرسىڭىزمۇ ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاشقا باشقا ئىلاجىم يوق، ئەگەر بىلمىسە، تۇتىلارغا بۇ سۆزلەرنى ئىپلاس خىزمەتكار قارچىغايچىنىڭ ئۆگەتكىنى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، قارچىغايچى پۇرسەت ئىزدەپ ماڭا

يېقىنلىشىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلغان، مەن قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇقى تاشقا تېگىپ مەندىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە بۇ ھىيلىنى ئىشقا سالغان بولۇشى مۇمكىن.

تەپتىش غەزىپىنى بىر ئاز بېسىپ، خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە تەپتىش قىلدى، ئۇ بەلىخلىق مېھمانلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن، تۇتىلارنىڭ شۇ ئىككى جۈملە سۆزدىن باشقا سۆزنى سايرىيالمايدىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە قارچىغايچىنى ئالدىغا چاقىردى. «مەقسىتىمگە يەتتىم» دەپ گۈلىقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن قارچىغايچى، سۆيۈنگىنىدىن بىر جۈپ تۇتىنى قولىغا قوندۇرۇپ سۆيۈپ ئەركىلەتكىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. بەھارىيە خانىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن مېنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلغىنىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟

قارچىغايچى قىلچە ئۇيالماستىن «ھەئە، كۆرگەنمەن» دەپ، ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىشىغا، قولىدىكى تۇتىلار بىردىنلا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى چوقۇپ ئويۇۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا بەھارىيە خانىم دېدى:

— مانا بۇ پاجىئە كۆرمىگەننى كۆردۈم دېگەنىنىڭ جازاسىدۇر.

## ئىشىككە بېقىپ دىدى

ئەندىجاندا بىر سودىگەر بار ئىدى، ئۇ سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ھويلىسىدىكى يۈز پاتمان تۆمۈرنى يېقىن قوشنىسى ۋە ئاغىنىسى سەئىدباينىڭ ئۆيىگە ئامانەت قويۇپ قويدى. سودىگەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپ سەئىدباينىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئامانەتنى سورىدى، سەئىدباي ئۆكۈنگەن ھالدا ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— ئەزىز بۇرادەر، مەن ئامانىتىڭنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قويۇپ، خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتىمەن، بىلمەپتىمەنكى، ئەسلىدە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا چاشقان ئۇۋىسى بار ئىكەن، لەنەتتەگكۈر چاشقانلار تۆمۈرۈڭنى قىرقىپ تاشلىشىپتۇ ئەمەسمۇ.

سودىگەر جاۋاب بەردى:

— شۇنداقمۇ؟ دېگەنلىرىڭ راستتۇر بەلكىم، مەنمۇ چاشقان تۆمۈرگە بەكلا ئۆچ دەپ ئاڭلىغانىدىم.

سەئىدباي سودىگەرنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇزاپ چىقىپ كېتىۋاتقان سودىگەرنى بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. سودىگەر تەۋەززۇئى بىلەن ئۆزرە سوراپ چىقىپ كەتتى. كەچقۇرۇن سودىگەر خانىدانىغا ئويناپ كىرگەن سەئىدباينىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلىنى مەززىلىك يېمەكلىكلەر، تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئالداپ ھويلىسىنىڭ چېتىدىكى قازناق ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، سولاپ قويدى. ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا سەئىدباي سودىگەرنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى ۋە نالە ـ پەرياد قىلىپ ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئوغلىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى.

سودىگەر جاۋابەن دېدى:

— تۈنۈگۈن سېنىڭ خانىدانىڭدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىر كىچىككىنە قۇرغۇينىڭ بىر كىچىك بالىنى قامالاپ چاڭگىلىغا ئېلىپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، شۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەمەستۇ، ھە؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جەھلى چىققان سەئىدباي زەردە بىلەن دېدى:

— ئەقلىڭدىن ئاداشقان ئوخشىمامسەن؟ نېمىشقا ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرنى قىلىسەن؟ كىچىككىنە قۇرغۇي بىر بالىنى تۇتۇپ ئۇچۇپ كېتەلىگەننى ئاڭلاپ باققانمۇ، سەن؟

سودىگەر مەنىلىك كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— ئەزىز بۇرادەر ، بۇنچە ئەجەبلىنىشىڭ ھاجەتسىز، يۈز پاتمان تۆمۈرنى قىسقىغىنا بىر قانچە كۈن ئىچىدە چاشقان قىرقىپ يەۋېتىدىغان بۇ يۇرتتا، ئون پاتمان كېلىدىغان بالىنى قۇرغۇي كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتەلمەسمۇ؟

گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن سەئىدباي سودىگەرگە دېدى:

— چاشقان ھېچقاچان تۆمۈرلىرىڭنى يەپ كەتمىدى، ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىپ تۆمۈرلىرىڭنى ئالىقىپ كەت.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئىشخانىسىدا)



ئۆمەر غىياس

# «ئەنسۇت - تالىبى»دىن «رەفىقۇت - تالىبى»غىچە

مەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا زىيادە قىزىقىمەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى خاس ئىسىملار(كىشى ئىسىملىرى، مىللەت، يەر ۋە ئەسەر ناملىرى)نى ئاختۇرۇش، ئاستىغا سىزىش، مۇتالىئە قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەھسىل قىلىش ۋە ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاشقا شۇ قەدەر ھېرىس. مانا شۇنداق كۈچلۈك قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە تەھرىرلىك قىلىپ يۈرۈپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئېنىقلىنىۋەتمىسە بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. شاھ مەھمۇد جوراس («چوراس» دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ئەسەرلىرىنىڭ سانى ۋە نامى ھەققىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلار مانا شۇ مەسىلىنىڭ بىر تامچىسىدۇر.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىي نامى، سانى، مەنسۇبىيىتى، يېزىلغان ۋاقتى ۋە تىل تۈرى مۇرەككەپلىشىپ، ئىلىشىپ، غۇۋالىشىپ كەتكەن تارىخچىلاردىن بەلكىم شاھ مەھمۇد جوراس (مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل جوراس)تەك يەنە بىرى بولمىسا كېرەك. مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 -يىللىق 1 - سانىدا شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» ناملىق ئەسەرنىڭ كىملىكى — ھەقىقىي ئاپتورىنىڭ مەنسۇبىيىتى گۇمانىمنى قوزغىغان (يېقىندا بۇ ئەسەر ھەقىقەتەن شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى)دىن كېيىن، مەن 2013 - يىلى كۆزگە قەدەر شاھ مەھمۇد چوراسقا دائىر ئەسەرلەرنى ئۇچراتقىنىمچە ئوقۇدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ھازىرغىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرى بىلەن «رەفىقۇت - تالىبى» ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ نامى ۋە ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتىدە ئېنىقلىنىۋەتمىسە بولمايدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئىكەن. بولۇپمۇ شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى، نامى، مەنسۇبىيىتى، يېزىلغان ۋاقتى ۋە تىل تۈرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بەكمۇ زىددىيەتلىك ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» بىلەن «رەفىقۇت - تالىبى»نىڭ نامى ۋە ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلار ھەققىدە «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە»نى شاھ مەھمۇد جوراس يازغانمۇ؟» ۋە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مىللىي مەنسۇبىيىتى ۋە ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئالمىشىپ قالغان ئەسەرلەر» ناملىق ماقالىلىرىمنى يېزىپ كۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلغان بولساممۇ، لېكىن «رەفىقۇت - تالىبى» ھەققىدە تەپسىلىي

تور كىتاب

توختالمىغانىدىم. ئەمدىلىكتە بۇ ئەسەرنىڭ نامى، تۈزۈلگەن ۋاقتى ۋە ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ كونكرېت توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ تېمىنى ياخشى يورۇتۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ نامى ھەققىدە ئېنىقلىما بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنىڭ نامى بولىدۇ، ئۇ شۇ نەرسىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ، جۈملىدىن ئەسەرنىڭ نامىمۇ شۇنداق. ئەسەر نامى شۇ ئەسەرنىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئۇنى باشقا ئەسەردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە ھەمدە شۇ ئەسەرنىڭ قانداق ۋە نېمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىزىل تامغا. ئۇ بىر تىلنىڭ تۇراقلىق بىرىكمىلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى خۇددى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىدەك مۇقىم، تۇراقلىق، بىرلا خىل بولىدۇ، تەركىبىدىكى سۆزلەر (ئەلۋەتتە ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسا)نىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا، قىسقارتىشقا، چۈشۈرۈپ قويۇشقا، باشقا بىرەر كەلىمىنى قوشۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەتتا ئىملا جەھەتتىنمۇ مۇتلەق توغرا يېزىش تەلەپ قويۇلىدۇ. بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىنماي يېزىلغان ئەسەرلەردە مۇقەررەر ھالدا خاتالىق يۈز بېرىدۇ، ھەتتا تۈگىمەس دەتالاش كېلىپ چىقىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس ئەسەرلىرىنىڭ «ئۈچ پارچە» (بەزىلەر «شاھ مەھمۇد چوراس ئۈچ پارچە ئەسەر يازغان» دەپ قارايدۇ)گە كۆپىيىپ كېتىشى مۇشۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن بولغان. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىر پارچە ئەسرىنىڭ نامىنى ئىككى ـ ئۈچ خىل يېزىشى، بەزىلەرنىڭ ئۇنى يەنە باشقا سۆز بىلەن يېزىشى، جۈملىدە ھېلى مۇنداق، ھېلى ئانداق رەڭلەشتۈرۈپ قويۇشى شاھ مەھمۇد جوراس ئۈچ پارچە، ھەتتا تۆت ـ بەش پارچە ئەسەر يازغاندەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. بۇ خۇددى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى «دىۋانۇ لۇغاتىت ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرتىپ قويغاندا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئىبارەت بىر پارچە لۇغەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت ئۇيغۇر»دىن ئىبارەت ئىككى پارچە لۇغەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىش؛ خۇددى يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى «تۈركىي تىللارنىڭ دىۋانى» دەپ يازغىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. دېمەك، ئەسەرنىڭ نامى شۇ ئەسەرنىڭ كىملىكى، ئەگەر بۇ كىملىك سەللا ئۆزگەرتىپ قويۇلسا، ئۇ ئىپادىلىگەن مەنە تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر خىل نۇسخا ئىككى خىل نۇسخىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ نامىنى يېزىشقا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇلۇشى كېرەك.

ئادەتتە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ نامىنى توغرا يازماسلىق خاھىشى ئىجادىيەتتە بىپەرۋالىق ياكى پوچىلىق قىلغاندا، مۇھەررىرلەر «تاقاق»نى ھېس ئەتمىگەندە ياكى تۈزىتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ قالغاندا يۈز بېرىدۇ. گەرچە «رەفىقۇت ـ تالىبىن» دېگەن نامدا يۇقىرىقى پىرىنسىپ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەنى ئۇنىڭ نامى، مەنسۇبىيىتى، تۈزۈلگەن ۋاقتى، تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىسمى ۋە بەزىلەرنىڭ بايانلىرىدا گۇمانلىق نۇقتىلار مەۋجۇت. شۇڭا، بۇ ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ تۈگۈنلەرنى يېشىش كېرەك.

«رەفىقۇت ـ تالىبىن» (ئوقۇغۇچىلار دوستى) دېگەن بۇ رىسالە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، تەلەپچان مۇھەررىر، مەسئۇلىيەتچان ژۇرنالىست مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 6 ـ، 2012 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. ناۋادا، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندى بۇ رىسالىنى نەشرگە تەييارلىمىغان بولسا، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شاھ مەھمۇد جوراس ئەسەرلىرىنىڭ نامى، سانى، مەنسۇبىيىتى، يېزىلغان ۋاقتى ۋە تىل تۈرى ھەققىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ سىرى يېشىلمىگەن بولاتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن

كاتتا ئىشتىن بىرنى قىلدى. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «رەفىقۇت - تالىبىن»دا ئاپتورنىڭ ئىسمى «مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل جوراس» دەپ يېزىلغان، يەنى «رەفىقۇت - تالىبىن» مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل چۇراسىنىڭ نامىدا نەشرگە تەييارلانغان. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ كىتاب شاھ مەھمۇد چۇراسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان «ئەنىسۇت - تالىبىن»نىڭ نەق نۇسخىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسىدۇر. مونداقچە ئېيتقاندا، «رەفىقۇت - تالىبىن» ئەسلىي مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل چۇراسىنىڭ «ئەنىسۇت - تالىبىن» (تالىپلار قاياشى) ناملىق كىتابىدىن ئوسمانشاھ بەگ ئىبنى دۆلەتشاھ بەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئاقسۇلۇق ئەبۇ مەنسۇر دېگەن كىشى مىلادىيە 1845 - يىلى ئۆزلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان نۇسخىدۇر. مەسىلەن، ئەبۇ مەنسۇر «رەفىقۇت - تالىبىن»نىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسىدە ئايرىم ««رەفىقۇت - تالىبىن، ناملىق بۇ كىتاب ‹ئەنىسۇت - تالىبىن، ناملىق كىتابتىن ۋۇجۇدقا كەلدى»، «تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش بىر ئاقسۇ ھېسابىدا قوي يىلى بارائەت ئېيىنىڭ بىرى سەيشەنبە تامام بولدى» دەپ يازىدۇ. بۇ جۈملە «رەفىقۇت - تالىبىن»نىڭ مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل چۇراسىنىڭ «ئەنىسۇت - تالىبىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەينەن نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى «ئەنىسۇت - تالىبىن»نىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئەبۇ مەنسۇرنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئۇسلۇبى سىڭدۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «رەفىقۇت - تالىبىن»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بىر نەچچە بەت نەسرىي ۋە نەزمىي قىسمىنى ئەبۇ مەنسۇر ئۆز قولى بىلەن يازغان. بۇ نۇقتىمۇ بۇ رىسالىنىڭ «ئەنىسۇت - تالىبىن»نىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەبۇ مەنسۇر بۇ رىسالىدە «تەرجىمە» ياكى «تەرجىمە قىلىش» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايدۇ، ئەكسىچە «رەفىقۇت - تالىبىن» ناملىق بۇ كىتاب «ئەنىسۇت - تالىبىن» ناملىق كىتابتىن ۋۇجۇدقا كەلدى، دەپ يازىدۇ. «تەرجىمە قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن «ۋۇجۇدقا كېلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن روشەن پەرقى بار. مۇبادا ئەبۇ مەنسۇر «رەفىقۇت - تالىبىن»نى ئەسلىي نۇسخىدىن — پارسچىدىن ئۇدۇللا تەرجىمە قىلغان بولسا «تەرجىمە قىلدىم» دەپ يازغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇ مۇنداق يازماي، بەلكى «ۋۇجۇدقا كەلدى» دەپ يېزىپ، «رەفىقۇت - تالىبىن»نىڭ ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. مانا بۇ ئەھۋالمۇ بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىز «ۋۇجۇدقا كەلدى» دېگەن سۆزنى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە «تۈزۈش»، «ئۆزلەشتۈرۈش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، «ۋۇجۇدقا كەلدى» بىلەن «تۈزۈش» ياكى «ئۆزلەشتۈرۈش»نىڭ مەنىسى ئوخشايدۇ. ئەلۋەتتە، تەرجىمە نۇسخا بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخا ئوتتۇرىسىدا جۈملە تىپى، مەزمۇن ۋە ئاپتورلۇق ھوقۇقى جەھەتتىن بەلگىلىك پەرق بولىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىغا ئۆزلەشتۈرگۈچىنىڭمۇ بەلگىلىك ئەجىر - مېھنىتى سىڭگەن بولىدۇ، تەرجىمە نۇسخىغا بولسا تەرجىماننىڭ تەرجىمە ماھارىتى سىڭگەن بولۇشتىن سىرت يەنە ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ياخشى ساقلانغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنى ھەرگىزمۇ نورمال تەرجىمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تەرجىمىگە نىسبەتەن ئاپتورلۇق ھوقۇقى بولمايدۇ، پەقەت تەرجىمانلىق ھوقۇقىلا بولىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگۈچىدە پەقەت شۇنىڭغا چۇشلۇق ئاپتورلۇق ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنداق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن ئەسەردىن بىر قانچىسى بار. مەسىلەن، پەقەت بىرلا مىسال ئالساق، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىكى «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق داستانى ئەمىر ھۆسەيىن سەبۇرىي تەرىپىدىن «لەيلى - مەجنۇن» نامىدا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ نۇسخا ئەسلىي نۇسخىدىن ھەجىم جەھەتتىكى ئازلىقى ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى نىسبەتەن ئاددىيلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە «لەيلى - مەجنۇن»نىڭ يەنە باشقا نۇسخىلىرىمۇ تېپىلغان بولغاچقا، ئەمىر ھۆسەيىن سەبۇرىي تەرىپىدىن ئۆزگەر-

تىپ ئىشلەنگەن نۇسخىنىڭ قانچىلىك ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولسىمۇ، لېكىن «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ قانچىلىك ئۆزگەرتىپ ـ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىش بىر قىيىن مەسىلىدۇر. چۈنكى، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ـــ «ئەنىسۇت ـ تالىبىن» تېخىچە تېپىلمىغان بولغاچقا، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»غا ئۇنى ئۆزلەشتۈرگۈچىنىڭ ھېسسىياتى قانچىلىك سىڭگەنلىكىنى، «ئەنىسۇت ـ تالىبىن»نى قانچىلىك ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق ئىلىشىمىقان ھادىسە شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ باشقا ئەسىرىگە بېرىلگەن تەبىردە تېخىمۇ مۇرەككەپ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ نامى ھەققىدە ئەسەر يازغانلار ئۇقۇمنى ئېنىق ئىپادىلىمىگەنلىكتىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىر پارچە ئەسىرىنىڭ نامى ھەر خىل كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل يېزىلغانلىقتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىر پارچە ئەسىرىنىڭ بەش ـ ئالتە خىل نۇسخىلىق ۋارىيانتى مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ خاتىمە قىسمىغا تولۇقلىما يازغان موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قۇلى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالغان. ئەلۋەتتە بۇ ئادەم شاھ مەھمۇد جوراس بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ۋە «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»غا تولۇقلىما يازغان بولغاندىكىن، ئۇقۇملارنى ئېنىق يېزىشى، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ كىملىكى ۋە مەنسۇبىيىتىنى غۇۋۋالاشتۇرۇپ قويماسلىقى، ئۆزىنىڭمۇ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر، تەرەپلەر مۇناسىۋەتلىك دېتاللارنى ئەبۇ مەنسۇردەك ئوچۇق يازغان بولسا مۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى. شۇڭا، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتى ئەبۇ مەنسۇرغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەككىن دەپ قارايمەن.

ھازىر قولىمىزدا «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ نۇسخىسى جىلۋە قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇ نۇسخىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدۇقكى، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»غا سىڭگەن بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك «ئەنىسۇت ـ تالىبىن»نىڭ رەندىلەنگەن نۇسخىسى بولغان «رەفىقۇت ـ تالىبىن» ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگىمۇ سىڭىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئاتالمىش «نۇسخىلىرى»غا دائىر دېتالدىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 1056 ـ بېتىدە «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ھىجرىيە 1281 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ـ يىلى) موللا ئەخمەت ئىبنى موللا مۇھەممەت سۇفى ئىبنى قۇربان سۇفى باي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر قول يازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇرەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. بەلكىم مۇشۇ نۇسخا كونىلىرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ قالسا، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئاپتورلۇق مەنسۇبىيىتى ئۆزۈل ـ كېسىل ئېنىقلىنىپ قالار.

تېخىمۇ ئىلىشىمىقان، كومېدىيەلىك يېرى شۇكى، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرى «بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاخىرلاشقان. ھالبۇكى، «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نى ئاقسۇلۇق ئەبۇ مەنسۇر ھىجرىيە 1261 ـ يىلى (مىلادىيە 1845 ـ يىلى) تۈزۈپ تاماملىغان. خۇددى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»دا ئېيتىلغاندەك، بۇ كىتابنىڭ ھىجرىيە 1281 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ـ يىلى) موللا ئەخمەت ئىبنى موللا مۇھەممەد سۇفى ئىبنى قۇربان سۇفى باي دېگەن كىشى كۆچۈرگەن يەنە بىر نۇسخىسىمۇ بار، بۇغۇ راست قاراشتۇر. بىراق، 1864 ـ يىلدىن 19 يىل ئىلگىرى ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «رەفىقۇت ـ تالىبىن»غا «بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» دېگەن ئىسىم نېمە دەپ كىرىپ قالدۇ؟ بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەمىسە «بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەم-

مەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» بىلەن «ئەبۇ مەنسۇر» بىر ئادەممۇ؟ «بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» دېگەن ئىسىمدىن بىز بۇ ئادەمنىڭ «بەش ئارىق»لىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، بۇ يەردىكى «بەش ئارىق» ھازىرقى «بەشئېرىق»نىڭ ئەسلىي شەكلىدۇر. ھازىر قاغىلىقتىمۇ، ئاۋاتتىمۇ «بەشئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار. بىز بىلمەكچى بولغان «بەشئېرىق» ھەرگىزمۇ قاغىلىقتىكى «بەشئېرىق»نى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئاۋاتتىكى «بەشئېرىق»نى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەبۇ مەنسۇر «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نى تاماملاپ بولغان ۋاقتى توغرىلىق «تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش بىر ئاقسۇ ھېسابىدا قوي يىلى بارائەت ئايىنىڭ بىرى سەيشەنبە تەمام بولدى» دېگەن جۈملىنى تۈزگەن تۇرسا، بۇ جۈملىدىكى «ئاقسۇ ھېسابى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئاقسۇلۇق، يەنى ئاقسۇ كوناشەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى چاغدا، ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى تېخى قۇرۇلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ئەسلىي ئاقسۇ كوناشەھەرگە قاراشلىق «ئاسۇق» ناملىق كەنت ئىدى. ئۇ چاغدا «بەشئېرىق»مۇ ئاقسۇ كوناشەھەرگە قارايدىغان كەنت ئىدى (بۇغۇ تالاشقۇدەك ئىش ئەمەس). مانا بۇ ئەمەلىيەت «بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» بىلەن «ئەبۇ مەنسۇر»نىڭ «بىر ئادەم» ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، «موللا ئەخمەت ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي» بىلەن «ئەبۇ مەنسۇر»نىڭ «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نى تامام قىلغان ۋاقتى ئوخشىمايدىغان تۇرسا، يەنە كېلىپ «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندى نەشرگە تەييارلاشتا ئۇنىڭ سانكىت ـ پېتېربورگدا ساقلىنىۋاتقان 771B نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان تۇرسا، ئەمدى ئۇنىڭ موللا ئەخمەت ئىبنى موللا مۇھەممەد سوفى ئىبنى قۇربان سوفى باي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىنىڭ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇرەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى قانداق گەپ؟ يەنە كېلىپ «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇرەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى كۆچۈرگەن ئادەمنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ سانكىت ـ پېتېربورگدا ساقلىنىۋاتقان 771B نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسىغا ــ قولىمىزدا «كۈلۈپ تۇرغان» «رەفىقۇت ـ تالىبىن»غا كىرىپ قېلىشى بەكمۇ غەلىتە ئەھۋال. بۇ سەۋەنلىك زادى كىمدە؟ ئەگەر بىز مۇنداق مەسىلىلەرنى موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قۇلىنى تېپ قىلىپ تۇرۇپ ۋاقتىدا ئېنىقلىۋەتمەيدىغان بولساق، بايىقىدەك ئوسال سوئاللار بىزنى بەكمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئېنىقلاشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»نىڭ 1055 ـ بېتىدە شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ «ئەنىست تالىبىن»، يەنى «ئەنىسۇت ـ تالىبىن»نى مىلادىيە 1696 ـ يىلى يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغانلىقى ئېيتىلغان. ئەمدى «رەفىقۇت ـ تالىبىن»دا بولسا بۇ رىسالىنى ئەبۇ مەنسۇر نەسەب جەھەتتە يۇقىرى ۋە كاتتىلار ئەۋلادى دۆلەتشاھ بەگنىڭ ئوغلى، ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىر ئوسمانشاھ بەگنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىققانلىقى يېزىلغان. ئەلۋەتتە، بىز ئالىم شاھ بەگ بىلەن ئوسمانشاھ بەگنى بىر ئادەم دەپ قارىيالمايمىز. ئۇلار پەقەت بىر نەسەبتىكى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئاۋۋالقىسى 1690 ـ يىللىرى شاھ مەھمۇد جوراس بىلەن يۇرتداش، زاماندىشى، قەلبداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ ياشىغان؛ كېيىنكىسى بولسا 1845 ـ يىللىرى ئەبۇ مەنسۇر بىلەن زاماندىشى، قەلبداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ ياشىغان. ئەبۇ مەنسۇر شائىر ۋە تەرجىمان (پارس تىلى تەرجىمانى) ئادەم بولغاچقا، ئەمىر ئوسمانشاھ بەگ ئۇنىڭغا «ئەنىسۇت ـ تالىبىن»دىن ئىبارەت بۇ رىسالىنى تۈركىي سۆزلەر بىلەن ئوچۇق ۋە روشەن قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەن. شۇڭا، ئەبۇ مەنسۇرنىڭ مۇنداق بىر مۇھىم ۋەزىپىنى قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى بىز ئۇنىڭ «رەفىقۇت ـ تا-

لىبىن»غا يازغان كىرىش سۆزىدىن تولىمۇ روشەن ھېس قىلدۇق. بىراق، «ئەنسۇت ـ تالىبىن»نىڭ «قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان ‹رەفىقۇل تالىبىن›، ناملىق بىر نۇسخىسىمۇ بار» (يۇقىرىقى كىتاب 1056 ـ بەت) بولۇپ، بۇ نۇسخىنى ئەلۋەتتە قولىمىزدىكى «رەفىقۇت ـ تالىبىن» بىلەن بىر نۇسخا دەپ چۈشىنىپ تۇرايلى دېسەكمۇ، لېكىن بۇ نۇسخىنىڭ 1864 ـ يىلى يۇقىرىقى كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان بىر قول يازما نۇسخىسىمۇ بار. ئەمدى بۇ نۇسخىلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە نەشر قىلىنىپ قالسا، يەنە قانداق «چاتاق»لار چىقار؟ ئۇلار يا ئاتالمىش نۇسخىلارمىدۇ؟! تەلىيىمىزگە بۇ نۇسخىلاردا ئۇنداق «چاتاق» چىقماي قالسا نېمە دېگەن ياخشى ئىش بولاتتى ـ ھە؟! بىراق، بىزنىڭ كىلاسسىك تەرجىمانلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قۇلىغا ئوخشاش ئۇقۇم ۋە دېتاللارنى ئوچۇق يېزىشقا ئادەتلەنمىگەن تۇرسا، ئۇلاردىمۇ «چاتاق» چىقماي قالۇرمۇ؟! مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ئەپەندىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى كاتتا ئىشتىن بىرنى قىلدى دېگىنىمىزدە، يۇقىرىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان. ئويلاپ باقايلى، بىز «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نى كۆرمىگەن بولساق، يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلەرنى ھەقىقەت دەپ يۇرۇۋېرەتتۇق. لېكىن سوئاللار ئالدىمىزغا قويۇلغاندا، نېمە قىلىش كېرەك؟! شۇڭا، كىچىككىنە تەشەببۇسۇم شۇكى، ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىلمىي ئوبزورچىلىققا ئۆچلۈك قىلمايلى، ئوبزورچىغا قېيدىمايلى، ئىلمىي ئوبزورچىلىقنى قىزغىن قوللايلى، لىللا ئوبزورچىلارنى ھىمايە قىلايلى. ئۇنداق قىلمىساق، قەلەمنى بولۇشىغا تۇتۇپ ئەسەر يازىدىغانلارنى چەكلىگىلى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى پۇچەكلەشتۇرۇشى ۋە بىزنى قىزارتىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق قىلالمىساقمۇ، ھېچبولمىغاندا تەتقىقاتتا خاس ئىسىملار — كىشى ئىسىملىرى، مىللەت ناملىرى، يەر ۋە ئەسەر ناملىرىنى مۇتلەق توغرا يېزىپ ئادەتلىنەيلى، ئىملاغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەيلى؛ تارىختىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە ئەسەر ناملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس يېزىۋەرمەيلى؛ ئۇقۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى دۇرۇس ئىپادىلەشنىڭ شەرتلىكلىكىنى بىلىپ قەلەم تەۋرىتەيلى. مۇھەررىرلەرمۇ تېخىمۇ تەلەپچان بولايلى. ئەگەر بۇ جەھەتتە مۇناسىپ شەرت ھازىرلىيالمىساق، تاكى يېتەرلىك سەۋىيە يېتىلدۇرگۈچىلىك قەلەمنى يورغىسىدىن توختىتىپ تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلايلى، ھەقىقەتنى باغرىمىز يېرىلىپ كەتكۈچە چىڭ قۇچاقلايلى.بۇ بىزنىڭ يېزىقچىلىقتا خاتالىشىپ قالماسلىقىمىزنىڭ تۇپ كاپالىتى.

**پايدىلانمىلار:**


① شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» [M](ھەبىبۇللا ئېلى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان)، قەشقەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـيىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»[M]، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ـ 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1032 — 1036، 1050 — 1056 ـ بەتلەر.

③ ئابلىز مەمتىلى ئورخۇن: «مىرزا شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە»[J]، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

④ ھاجى ئابدۇراخمان باقى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر»[M]، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 202 ـ بەت.


(ئاپتور — شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتىي» ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

## «كۇللىياتى مەسنەۋىيى خەراباتىي»نىڭ ھازىرغىچە بايقالغان قول يازمىلىرىنىڭ تەۋسىپى

ھازىرغا قەدەر بىزگە «مەسنەۋىيى خەراباتىي» ۋە «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»غا تەۋە بەش قول يازما بىلەن تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان، چاپ قىلىنىپ ئىككى ئەسەر بىرلىكتە بېسىلغان بىر تاش باسما نۇسخا مەلۇم بولۇپ، بۇلارنىڭ تەۋسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «مەسنەۋىيى خەراباتىي»

A نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق، جەمئىي 512 بەت (تېكىست 500 بەت)، فەسىل ناملىرى قويۇلمىغان (يېزىلىدىغان ئورۇنلار ئازراق بوش قالدۇرۇلغان)، قول يازما بېتىنىڭ چوڭلۇقى 19cm ×15cm، خەت چۈشكەن قىسمىنىڭ چوڭلۇقى16cm ×10cm، ھەر بېتى ئىككى ستونغا بۆلۈنگەن.

مەزكۇر نۇسخىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە قەيەردە كۆچۈرۈلگەنلىكى توغرۇلۇق قول يازما ئاخىرىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېيىتىغا ئۇلاپلا «ئىن كىتابەتتۇر پەنجشەنبە تەمام» دەپ يېزىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر بەتتە مەخسۇس ئەبجەد ھېسابى ئۆگىتىلگەن بولۇپ، بىردىن ئونغىچە بولغان سانلارنىڭ، ئوندىن يۈزگىچە بولغان ئونلۇق پۈتۈن سانلارنىڭ ھەمدە يۈزدىن مىڭغىچە بولغان يۈزلۈك پۈتۈن سانلارنىڭ ئەبجەدتە قايسى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر بەتتە بولسا كىتابنىڭ كۆچۈرۈلۈش تارىخى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «موللا ئىسھاق ئاخۇندنىڭ مەسنەۋى تۇرۇر، موللا ئىسھاق دوستى موللا ئەھمەت يۈز بېگىنىڭ ئوغلىغا بەردى. تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە، ئات يىلى، ماھى سەفەر ئايىنىڭ ئون سەككىز كۈنى ئەردى، مەنكى يۇقىرىقى ئايماقدىن ئەھمەد يۈزنىڭ ئوغلى موللا سابىر ئاخۇند فۇتۇب تەمام قىلغان».

يۇقىرىقى ئۇچۇردىن مەزكۇر نۇسخىنى ئەھمەد يۈز بېگىنىڭ ئوغلى موللا سابىر ئاخۇننىڭ ھىجرىيە 1320 ـ يىلى(مىلادىيە 1902 ـ يىلى) كۆچۈرۈپ تاماملىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى قۇرلار-

دىكى موللا ئىسھاقنىڭ مەسنەۋىسى قايسى؟ ئۇ قاچان بۇ مەسنەۋىنى ئەھمەت يۈز بېگىنىڭ ئوغلى (موللا سابىر)غا بەرگەن؟ بۇ سوئاللار شۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر بەتتە ئايدىڭلىشىدۇ. بىز يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە بىر بەتنى ئۆرۈۋېتىمىزدە: «موللا ئىسھاق ئاخۇنۇمنىڭ ‹مەسنەۋى شەرىف› كىتابى بۇ تۇرۇر، نەزمى مەسئەلە كىتاب، موللا ئىسھاق ئەئلەم ئاخۇننىڭ ‹مەسنەۋى شەرىف› كىتابى بۇ تۇرۇر، تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز بەش، ئاقسۇ ھېسابىدا قوي يىلى دۇئا ئاينىڭ يىگىرمەسىدە قىلىنغان خەت بۇ تۇرۇر» دېگەن قۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، موللا ئىسھاق ئاخۇنۇم دېگەن كىشى ھىجرىيە 1305 ـ يىلى (مىلادىيە 1887 ـ يىللىرى) ئۆزىنىڭ (ئۆزى شۇ چاغدا كۆچۈرۈپ تاماملىغانمۇ ياكى ساقلىغان نۇسخىمۇ بۇ نامەلۇم) كىتابىنى موللا ئىسھاققا بەرگەن، موللا ئىسھاق شۇ نۇسخا ئاساسىدا قولىمىزدىكى A نۇسخىنى كۆچۈرۈپ تاماملىغان، يۇقىرىدىكى «ئاقسۇ ھېسابىدا قوي يىلى دۇئا ئاينىڭ يىگىرمىسى...» دېگەن قۇرلاردىن بۇ نۇسخىلارنىڭ ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

مەزكۇر نۇسخىنىڭ ھەر بىر بېتىگە 13 بېيىت كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 13000 مىسرا ئەتراپىدا. بۇ نۇسخا ھازىر ئۈرۈمچى بەرمان ئۇيغۇر تېبابەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇسەمەت داموللىنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا[①].

B نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوقالغان. كىتابنىڭ كۆچۈرگۈچىسى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە باشقا ئالاقىدار نۇقتىلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. جەمئىي 240 بەت، ھەر بېتىگە 15 بېيىت كۆچۈرۈلگەن (قول يازمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا 10 بەتنىڭ ھاشىيەسىگىمۇ ئالتە بېيىتتىن زىيادە كۆچۈرۈلگەن)، ھەر بىر بېتى ئىككى ستونغا ئايرىلغان، قول يازما بېتىنىڭ چوڭلۇقى 15cm ×23cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 10cm× 19cm، قەغىزى ئادەتتىكى خوتەن قەغەز. بۇ نۇسخا ھازىر ئۆز قولىمىزدا ساقلانماقتا.

C نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭمۇ باش ـ ئاخىرى تولۇق ئەمەس، باشتىكى بىر قىسىم بەتلەرنىڭ پۈچىلىنىش ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن ئېغىر. كۆچۈرگۈچىسى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. مەزكۇر قول يازمىنىڭ قەغىزى يىپەك قەغەز بولۇپ، سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى. قول يازمىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان باشتىكى بەتلىرىدىكى خەتلەر ئالاھىدە قىزىل قوشرامكىلارغا ئېلىنغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يوقالغان باش بېتىنىڭ ئالاھىدە نەقىشلىك ئىشلەنگەن بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. قول يازمىنىڭ خېتى ئىنتايىن چىرايلىق، ئىملا خاتالىقلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. كىتابنىڭ قەغىزى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، نىسبەتەن قەدىمىيرەك نۇسخا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. بۇلاردىن قارىغاندا، مەزكۇر نۇسخا ئەينى ۋاقىتتا ساپالىق كاتىبلار تەرىپىدىن ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر قول يازما جەمئىي 256 بەت (بەزى بەتلىرى پۈچىلانغان)، ھەر بىر بېتى تۆت ستونغا ئايرىلغان، ھەر بەتكە 15 قۇر كۆچۈرۈلگەن (ھەر بەتتە 60 مىسرا)، بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 5.30cm ×22cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 16cm× 22cm. بۇ نۇسخا ھازىر ئۆز قولىمىزدا ساقلانماقتا.

D نۇسخا. بۇ نۇسخا تاش باسما بولۇپ، خەراباتىينىڭ «مەسنەۋى خەراباتىي» ۋە «مەسنەۋى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»دىن ئىبارەت ئىككى ئەسىرى بىرلىكتە چاپ قىلىنغان نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخا ھەققىدە ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتمۇ خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭ بايانىچە، بىزنىڭ قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەزكۇر نۇسخىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى 13816 دېگەن نومۇر بىلەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدىمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ-

① ئابدۇسەمەت داموللىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ نۇسخىنى ئاقسۇ چوغتالدىكى «ھاجى مۇھەممەت خەراباتىي مەقبەرىسى»نىڭ شەيخىدىن ئالغانىكەن.

نىڭدىن باشقا بۇ نۇسخا ھەققىدە ئەزىز ساۋۇتمۇ ئۆز ماقالىسىدە خەۋەر بېرىپ، مۇشۇ نۇسخىلاردىن بىردىنىڭ ئاقسۇدا ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەراباتىينىڭ كېيىنكى ئەسرىنى تىلغا ئالمىغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ نۇسخىنى تولۇق كۆرمىگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بۇ نۇسخىنىڭ باش بېزەكلىك بېتىنىڭ ئوتتۇرىغا «بىللە، بىرلىكتە» مەنىسىدىكى «مع» دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇنىڭدىنمۇ يوقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ بىرلىكتە كۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. مەزكۇر بەتنىڭ ئاستى - ئۈستىگە يەنە بىر قۇردىن پارسچە خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى قۇردا «بۇ كىتاب ۋەلىيلىك ساھىبى دەپ ئاتالغان خەراباتىينىڭ ‹مەسنەۋىيى خەراباتىي›دىكى ئەڭ رەڭدار ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىسىملاردىن تۈزۈلدى» دېگەن مەنىدىكى پارسچە سۆز، ئاستىنقى قۇرغا بولسا «ھەزرىتى مەۋلانا رۇمىينىڭ ئەزىز ئوغلىدىن تەسنىف ئېتىلگەن ‹مەسنەۋىيى خەراباتىي›» دېگەن مەنىدىكى پارسچە سۆزلەر يېزىلغان.

مەزكۇر نۇسخىنىڭ قەيەردە كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار كىتاب ئاخىردىكى «تارىخۇل كاتىب» ماۋزۇسىدىكى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن مەلۇم:

بىئەۋنى[1] سانىئى[2] كەۋنۇ مەكانى[3]،
بىفەزلى[4] خالىقى[5] ھەر دۇ[6] جەھانى.

قىلىپ ئىككى خەراباتىينى خەتمىن[7]،
يېتىبدۇر مەقسەدىغە سائى جانى.

بىرىنى ساھىبى ئىشان خەرابات،
قاتار تال مەۋزەئىدەدۇر[8] نىشانى.

بىرىدۇر مەۋلەۋى رۇمىينىڭ ئوغلى،
ئاتى سۇلتان ۋەلەد جەننەت مەكانى.

ئايدى مەزكۇر سائى مىر مەخزۇم،
ئاتاسى شاھ يۇنۇس جايى جىنانى[9].

كىتابەتنى مۇھەممەد سەيىد ئېتىپ،
ئۇمىد ئەيلەر ئوقۇغاندىن دۇئانى.

ئىلاھا، سائىيۇ قارىيۇ كاتىب،
گۇناھىن مەغفىرەت قىلغايسەن ئانى.

مۇنى تارىخى تەبئىن فىكر بىرلە،
خىرەد دېدى قۇلاقىمغا نىھانى.

زەمانىدىن بەلا باشىن كۆتەر دەپ،
دۇئا قىل نالەۋۇ ئەفغان زەمانى.

1335 - يىلى تەمام

دېمەك، بۇ نۇسخا مەرھۇم شاھ يۇنۇسنىڭ ئوغلى مىر مەخزۇمنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن مۇھەممەد سەيىد ئاتلىق كىشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1335 - يىلى (مىلادىيە 1917 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن[10]. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت بۇ سانىنى خاتا ھالدا 1330 دەپ ئوقۇغان ۋە مىلادىيە 1911 - يىلى دەپ

---

① بىئەۋنى — ياردىمى بىلەن؛ ② سانىئى — ياراتقۇچى؛ ③ كەۋنۇ مەكانى — ئىككى ئالەم؛ ④ بىفەزلى — فەزلى بىلەن؛ ⑤ خالىقى — ياراتقۇچى؛ ⑥ دۇ — ئىككى؛ ⑦ خەتمىن — تاماملاش، تۈگىتىش؛ ⑧ مەۋزەئىدەدۇر — جاي، ئورۇن، ماكان؛ ⑨ جىنانى — جەننەت؛ ⑩ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت بۇ سانىنى خاتا ھالدا 1330 دەپ ئوقۇغان ۋە مىلادىيە 1911 - يىلى دەپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ھىجرىيە 1330 بولغاندىمۇ 1912 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ، ئەمما باسمىدىكى سان ئېنىق ھالدا ١٣٣٥ (1335) دەپ يېزىلغان.

كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە ھىجرىيە 1330 بولغاندىمۇ 1912 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. كىتابنىڭ يۇقىرىقى «تارىخۇل كاتىب»دىن كېيىنكى بىر نەچچە بەتلىرىگە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭى بىر بېزەكلىك باش بەت قويۇلۇپ، بۇ بەتنىڭ ئوتتۇرىغا يۇمىلاق ھالەتتە ھۆسنخەتچىلەپ «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېگەن كىتاب ئىسمى يېزىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بەتتە كىتاب مەزمۇنى باشلانغان.

كىتاب جەمئىي 171 بەت بولۇپ، ھەر بىر بەت ئىككى ستونغا بۆلۈنگەن ھەمدە 24 ـــ 27 گىچە (ئالدىنقى تەخمىنەن 80 بەتكە 24 بېيىت، قالغان 90 بەتكە 26 ـــ 27 بېيىت كۆچۈرۈلگەن) بېيىت كۆچۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر بىر بەتنىڭ ھاشىيەسىگىمۇ يانتۇ ھالەتتە 12 بېيىت كۆچۈرۈلگەن. مەزكۇر كىتابتىكى ئومۇمىي مىسرا سانى تەخمىنەن 13000 مىسرا ئەتراپىدا. بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 15.5cm ×5.26cm، خەت چۈشكەن قىسمىنىڭ چوڭلۇقى 13cm ×22cm.

2. «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»:

A نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭ بېشى تولۇق بولۇپ، «ئاڭلاغىل نەي نە ھېكايەتلەر قىلۇر، ئول جۇدالىقتىن شىكايەتلەر قىلۇر» دېگەن بېيىتتىن باشلانغان. ئاخىرىدىن بىر نەچچە بەت يوقالغان، شۇڭلاشقا، كىمنىڭ، قاچان كۆچۈرگەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتى يوق. بۇ قول يازمىنىڭ بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 14cm ×21cm، خەت چۈشكەن قىسمىنىڭ چوڭلۇقى 9cm ×15cm بولۇپ، ھەر بىر بەتكە 11 بېيىت كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 236 بەت. كىتاب كۆن خۇرۇم بىلەن تاشلىنىپ ياخشى ساقلانغان، پەسىل نامىلىرى قىزىل سىياھتا كۆچۈرۈلگەن. مەزكۇر نۇسخا ھازىر قولىمىزدا ساقلانماقتا.

B نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭ ئاخىرىدىكى ئازراق قىسمى يوقالغان. كۆن خۇرۇم تاشلىق بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. پەسىل ماۋزۇلىرى قىزىل رەڭدە يېزىلغان. ھەر بىر بەتكە 11 بېيىت كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 234 بەت. كىتاب بېتىنىڭ چوڭلۇقى 13.5cm ×20cm، خەت چۈشكەن قىسمىنىڭ چوڭلۇقى 8.5cm ×14cm. كۆچۈرگۈسى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخىنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى ھاجى مەمتىمىن تۇردى تەمىنلىگەن.

C نۇسخا. بۇ نۇسخا تاش باسما بولۇپ، يۇقىرىدا «مەسنەۋىيى خەراباتىي»نى تەييارلاشتا ئاساسلانغان نۇسخىلار قاتارىدا تىلغا ئالغان D نۇسخىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا، بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرگۈچىسىمۇ «تارىخۇل كاتىب»تىكى ئۇچۇرغا ئاساسەن مۇھەممەد سەيىد دېگەن كىشى بولۇپ، ھىجرىيە 1335 (مىلادىيە 1917) ـ يىلى كۆچۈرۈپ تامام قىلغان. بۇ ھەقتىكى باشقا ئۇچۇرلار يۇقىرىدىكى نۇسخىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. مەزكۇر نۇسخىنىڭ ھەر بىر بېتى تۆت ستونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بېتىگە 50 بېيىت كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 61 بەت. بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 15.5cm ×5.26cm، خەت چۈشكەن قىسمىنىڭ چوڭلۇقى 13.5cm ×5.22cm.

## ئەسەرنىڭ تىل، ۋەزىن ئالاھىدىلىكى ۋە تېماتىك ئىدىيەسى

### 1. تىل ئالاھىدىلىكى

مەلۇم بولغىنىدەك، خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ. 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان 300 يىللىق ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى دەۋر چاغاتاي تىلى نەۋايى دەۋرىدە قېلىپلاشقان كىلاسسىك چاغاتاي تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا تەرەققىي قى-

لىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ[1]. بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردىن بىر بۆرىلىش دەۋرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلىمۇ بۇ دەۋردە بۇ تىلنى قوللانغۇچى خەلقلەرنىڭ جانلىق تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدى. شۇڭلاشقا، «بۇ دەۋر ھەرقايسى تۈركىي تىللار بۆلۈنۈشكە باشلىغان ۋە بۇ بۆلۈنۈش تاماملانغان دەۋردۇر»[2].

ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىمۇ يۇقىرىقىدەك ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ماس ھالدا ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يۆنىلىشىگە كىردى. ئەمما بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ئالدىنقى دەۋردىكى كىلاسسىك چاغاتاي تىلىغا بولغان ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق قىلىشتىن ھەم چەتلىمىدى. ئەكسىچە، بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا كىلاسسىك دەۋر تىلىنىڭ، جۈملىدىن نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى ئىزچىل ھالدا ئەكس ئەتتى. بىراق، كېيىنكى دەۋر چاغاتاي تىلىنىڭ ئومۇمىي تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش مەزكۇر يازمىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغانلىقتىن، تۆۋەندە بىز مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولمىش خاراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر نەچچە نۇقتىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

1) تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى شۇنداقلا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش. بۇ ھال نەۋائىي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارىسىدىكى خاراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ ئوخشاش ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

جۇدا قىلغاي ئوغۇللارنى ئاتادىن      شامى كۆڭلۈم سۇبھىدەك سادىق ئېمەس.،
ئەداۋەتلەر قوپار ئىككى ئارادىن.

خالىقا خەلقىڭنى كۆردۈم بى ئەدەد،
بولسا ھەق فەرمانىغا ھەركىم ھورۇن،      ھېچنېمە يوقتۇر سېنىڭدەك بى مەدەد.
تەگمەگەي جەننەت ئارا ھەرگىز ئورۇن،

دېدىڭكىم ئادەمىدۇر ئەھسەنى خەلق،
ساڭا ھەمد ئېيتماقىغا مەن لايىق ئېمەس،      بولۇپدۇر فىسق ئىچرە ئادەمى غەرق.

2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a]، [ä] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇملۇق ھالەتتە ئۆز ئورغۇسىنى يوقىتىپ [e]غا، كەينىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى بىلەن بەزىدە [o] ۋە [ö] تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىشىغا قارىتىلغان. تۈركىي تىللار ئىچىدە بۇ ھادىسە پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىلا بار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھادىسە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان. نەۋائىي ئەسەرلىرىدە بار بۇ ئالاھىدىلىك خاراباتىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

---

① «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»نىڭ 8 ـ بېتىدە شېرباكتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل؛ مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»دىن، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، 300 ـ بەت.

② ئابدۇرېھىم راخمان: «چاغاتاي تىلى ھەققىدە يېڭى بايانلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق2 ـ سان، 79 ـ بەت.

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com

ئۇل بىرى ئاتى ۋەراسەتدۇر بىلىڭ،
ئايتاي ئانىڭ ۋەسفىنى ئاڭلاپ ئىلىڭ.

بۇ مىسالدا «بىلىڭ» بىلەن «ئىلىڭ»نىڭ قاپىيە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، «ئىلىڭ» سۆزىنى بۇ يەردە «ئالىڭ» دەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق.

يوقتۇ فەرقىڭ جانى ھەيۋاندىن جىنىڭ،
بەلكى نەمرۇد بىرلە شەيتاندىن سىنىڭ.

بۇ مىسالدىكى «جىنىڭ» بىلەن «سىنىڭ» سۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئەسلىدىكى شەكلى بىلەن «جانىڭ» ۋە «سەنىڭ» دەپ ئوقۇغىنىمىزدا، يۇقىرىدىكى قاپىيە قۇرۇلىشىمۇ ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجىزلاشقانلىقى مەلۇم (ئەلۋەتتە، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، ئاجىزلاشمىغان ئەھۋاللارمۇ بار).

ئاڭلاغىل ئەسھابى كەھفنىڭكى ئىتى،
خاس بىرلە خاس بولۇپ ئۆچمەس ئىتى.
تىلنى شەرىئەتغە مۇۋافىق تۇتۇڭ،
دىلنى تەرىقەت يولىدا يورۇتۇڭ.

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدىمۇ ئەگەر «ئىتى» سۆزى «ئاتى» ئوقۇلسا؛ «يورۇتۇڭ» سۆزى «يارۇتۇڭ» ئوقۇلسا قاپىيە يەنىلا ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول يازمىلاردا «يورۇتۇڭ» سۆزى «يارۇتۇنك» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «يورۇتونك» شەكلىدە يېزىلغان.

گەر كىشىنىڭ بولسا تائاتى ئوچۇق،
گۇيىيا نەقدىنەسىن قويمىش ئوچۇق.

بۇ مىسالدىكى «ئوچۇق» سۆزىمۇ نۇسخىلاردىكى ئىملادا «اچوق» شەكلىدە ئەمەس، «اوچوق» شەكلىدە يېزىلغان.

3) خەراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ ئوخشاشلا تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن، شۇڭا ئارتۇق مىسال كەلتۈرمەيمىز.

4) بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل شەكلى

ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىن پەرقلىق ھالدا، خەراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىملا ۋە تەلەپپۇز شەكلىدىن پەرقلىق ھالدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان تەلەپپۇزىغا ماسلاشقان شەكىللىرىمۇ ئەسلىدىكى شەكلى بىلەن پاراللېل قوللىنىلغان. مەسىلەن:

كىم نىجىس يەردە تەھارەتلەر قىلۇر،
بى گۇمان مىللەتنى غارەتلەر قىلۇر.
تارەتى باتىننى قىلساڭ، ئەي ئەمەك،
قويماغىل كۆڭلۈڭدە ئاللاھدىن بۆلەك.

5) ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن بەزى سۆزلەر ئەسلىدىكى تەلەپپۇزدىن ئۆزگىرىپ، ھازىرقى زا-

مان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇز شەكلى بىلەن قوللىنىلغان. مەسىلەن:

سەن ئىبادەتدە شىرىكلىك خاھلاما، بۇيرۇدى ئانى شەھەرگە ئاشقا.
ئۇشبۇ ئۇمرۇڭدا تىرىكلىك خاھلاما.

مۇھۇرسىز ھىيچ دەرەم يوق رەسمى شاھ بۇ،
ۋە لېكىن بۇ دەرەمنىڭ نەقشى يا ھۇ.
بىر كىچىك ئەردى ئارادا ياشقا،

يۇقىرىدىكى «شىرىك»، «شەھەر»، «مۇھۇر» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «شىرك»، «شەھر»، «مۇھر» بولۇپ، يۇقىرىقى بېيىتلاردا بۇ خىل تەلەپپۇزدا ئوقۇلسا، شۇ يەردىكى قاپىيە ياكى ۋەزىنگە تەسىر يېتىدۇ.

6) بەزى سۆزلەرنىڭ ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇلماسلىقى

ئەسلىدە ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى ئۇزۇن بوغۇملۇق سۆزلەر ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر يېرىم بوغۇم ھالەتتە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. نەۋايىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىكلارنىڭ تىلىدا ئۇچرايدىغان ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ ئاز ساندا بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇلماسلىقتەك ھادىسىسى خاراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ:

مۇھۇرسىز ھىيچ دەرەم يوق رەسمى شاھ بۇ،
ۋە لېكىن بۇ دەرەمنىڭ نەقشى يا ھۇ.

ھەر كىشىكىم خانۇماندىن كېچەر،
ئول كىشى ئول بادەئى ئىشقدىن كېچەر.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى 1) ۋە 3) نۇقتىلار خاراباتىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەۋرى بىلەن بولغان ئىزچىللىقىنى نامايان قىلسا، قالغان نۇقتىلار چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋردە ھەرقايسى رايونلاردا جانلىق تىل ئالاھىدىلىكىگە يېقىنلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

**2. ۋەزىن ئالاھىدىلىكى**

مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئىككى ئەسەر مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن رۇمىينىڭ مەسنەۋىسىنىڭ تەسىرىدە چوڭ جەھەتتىن ئارۇزنىڭ ئىككى خىل بەھرىنىڭ ۋەزىنلىرىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇلار رەمەل بەھرى بىلەن ھەزەج بەھرىدىن ئىبارەت. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئەسەردە رەمەلنىڭ قوللىنىلىش چاستوتىسى ھەزەجدىن كۆپرەك بولۇپ، ئاساسلىق قوللىنىلغان ۋەزىنلەر تۆۋەندىكىچە:

1) رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف

خالىقا، خەلقىڭنى كۆردۇم بىئەدەد،
ھىيچ نېمە يوقتۇر سېنىڭدەك بىمەدەد.
(—V—/——V—/——V—)

2) رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇر

ئايتايىن ھەمدىڭنى، ئەي يەزدانى پاك،

ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەردانى پاك.
(~ V— / — —V— / — —V—)

3) ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف

سىنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززەھ،
سەماۋاتىڭ تەسەلسۇلدىن مۇنەززەھ.
(— —V / — — —V / — — —V)

(4) ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر

ئەناسىردىن قىلىپسەن ئادەمىيزاد،
بىرەۋنى دىۋنەدەك بىرنى پەرىيزاد.
(~—V / — — —V / — — —V)

يۇقىرىقى ۋەزىنلەردىن باشقا يەنە «مەسنەۋىيى خەراباتىي»نىڭ «بۇ فەسىل خاتىمە ۋە تارىخنى بەيان قىلىنۇر» ناملىق ماۋزۇسىدا خەفىف بەھرىنىڭ ۋەزىنلىرىمۇ ئۇچرايدۇ (خەفىفى مۇسەددەسى مەخبۇنى ئەسلەم (—V — — / —V—V / — — —):

تا مۇنڭسىز ئادا ئېمەس شەرئى،
ۋاجىبۇ فەرزۇ سۇننەتۇ نەفلى.

تەڭرى ئانى بىھىشتكە يەتكۈرگەي.

نە ھېساب ئەيلەدىمكى تارىخقە،
مىڭۇ يۈز يەنە قىرىق ئالتىغە.

ئوقۇغاي ھەم بۇلارنى ياد ئالغاي،
ئىككى ئالەمدە ئانچە شاد ئولغاي.

قىلغۇلۇق شەرئىنى كىتاب ئەتتىم،
بىلمەگەنلەرگە مەن خىتاب ئەتتىم.

چۈنكى ئىسلامنى ئول بىنا قىلغاي،
ماڭا بىر فاتىھە دۇئا قىلغاي.

گەر خەتا ئۆتسە مەندىن، ئەي ئالىم،
رەھىم ئىلە لۇتف قىل كۆرۈپ ھالىم.

بىل بۇ خەت مەئنەسىدە يوق نۇقسان،
نۇقس گەر بولسا ئەيلەگىل ئاسان.

تا كەرەم بەخشى تەڭرىدۇر غەم يوق،
ھەر نە قۇدرەت ئانىڭدا كۆڭلۈم توق.

كىم بۇ شەرئىنى ئەلگە كەلتۈرگەي،

خەراباتىي مەسنەۋىسىدە خەفىف بەھرى ۋەزىنلىرى مۇشۇ ماۋزۇدىن باشقا يەردە ئۇچرىمايدۇ:

بىل بۇ خەت مەئنەسىدە يوق نۇقسان،
نۇقس گەر بولسا، ئەيلەگىل ئاسان.

دېگەن بىرلا بېيىت «خەفىفى مۇسەددەسى مەخبۇنى ئەسلەمى مۇسەببەغ (—V— — / V—V— / — —~)

ۋەزنىدە يېزىلغان، قالغان بېيىتلار «خەفىفى مۇسەددەسى مەخبۇنى ئەسلەم» ۋەزنىدىدۇر.

**3. تېماتىك ئىدىيەسى**

چاغاتاي ئەدەبىياتى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، ئۆزىگە خاس يول بىلەن تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ژانىر، ئۇسلۇب جەھەتتە بېيىپ، ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ[1]. تېما جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى بولسا تەۋھىد، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق، ئىشق، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە كامىل ئىنسان قاتارلىق نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسى تارىخىنى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى شۇ دەۋردىكى دىنىي غايىلەردىن چەتلەپ تەتقىق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئۇچۇن دىن بەدىئىي غايىلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى[2]. شۇڭلاشقا، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېمىلار، جۈملىدىن خاراباتىي ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك ئىدىيەسى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا، بۇ نۇقتىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

بىزگە شائىر خاراباتىينىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى خوجىلار زامانىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر دەۋرنىڭ بىر ئەسىرلىك جەريانىغا شاھىد بولغانلىقى مەلۇم. بۇ دەۋرنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپىتى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدىنىشلەر بولدى. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتمۇ «خاراباتىي ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى»[3] دېگەن تېمىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالدى. ئەلۋەتتە، بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي رېئاللىقى توغرىسىدا باشقىچە پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مەيلى قانداق بولسۇن، خاراباتىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي تېما يۆنىلىشىدىن قارىغىنىمىزدا، مەزكۇر دەۋرنىڭ ئۇنچە كۆڭۈللۈك ئىلىم دەۋرى بولمىغانلىقىنى قىياس قىلىش تامامەن مۇمكىن. شائىرنىڭ:

بىر بىرلەرگە قىلۇر دەردۇ ئەلەم،
ھەم قىلۇر جەۋرۇ جەفا زۇلمۇ ستەم.

ھېيچكىمدە يوقتۇرۇر ئىنسافلار،
قايدادۇر بۇ ۋەقتدە ئىمان سافلار.

بىر بىرلەرنىڭ ھەمە قەسدىدەدۇر،
تىغى زەھر ئالۇد ھەم دەستىدەدۇر.

تۇنۇ كۇن ئوغلى ئاتاغا مۇددەئى،
ھەم قاياش دۇختەر ئاناغا مۇددەئى.

ھېيچكىم قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،
يادىغا كەلمەيدۇ ھەقنىڭ قەھرىدىن.

خاھ غەنىيۇ خاھ گەداۋۇ شاھ ھەمە،
خاھى شەيخۇ سۇفىيۇ موللا ھەمە.

خاھ قازى مۇفتى خاھى مۇھتەسىب،
ئىستەمەس ھەرگىز ھەلالىدىن نەسىب.

دېگەن قۇرلىرى بۇنىڭ دەلىلى. دېمەك شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ۋە

---

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب 2 ـ قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىلى، 386 ـ بەت.

② ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»[M]، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 305 ـ بەت.

③ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.

بۇنىڭ يىلتىزى بولغان ئېتىقاد سۇسلۇقى، شۇنداقلا مەنىۋى كورلۇق ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. بۇ خىل رېئاللىقنىڭ سەۋەبچىسى بولغان سىياسىي ماجىرالار، گۇرۇھۋازلىقلار، ئۆزئارا قەستلەشلەر، زۇلۇملارنى پاش قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى بەدىئىي غايە تۈرتكىسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان خەراباتىي 200 دىن ئارتۇق ماۋزۇدا قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، مەسنەۋى ئۇمۇمەن تەۋھىد، شەرىئەت ئەھكاملىرى، تەسەۋۋۇپ قائىدىلىرى، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق، ئىلاھىي ئىشق، كامىل ئىنسان، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق قاتارلىق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەراباتىي ئۆز ئەسىرىنى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئەينى دەۋر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۆلچىمى بويىچە ئالالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا دۇرۇت، سالاملارنى يوللاش بىلەن باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەرىئەتنىڭ ناماز، روزا، زاكاتقا ئوخشاش ئەھكاملىرى شۇنداقلا تاھارەت، ھالال ـ ھارام، نەھيى ـ مۇنكەرلارغا مۇناسىۋەتلىك فىقھىلىرىدە قەلەم تەۋرىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم بىر تېما تۆرلۈك تەسەۋۋۇپىي ئىدىيەلەردە بولۇپ، شائىر پىرى كامىل، ھەقىقىي سوپى، نەفسنى ئۆلتۈرۈش، سىدىقى دىل مۇرت، ئىشق...دېگەنگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپىي ماۋزۇلاردا چوڭقۇرلاپ، «ئىشنى ئاۋامغا ئىمان ۋە ئېتىقادنىڭ ئەسلىي مەنە ۋە ماھىيىتىنى، شەرىئەت تەلەپلىرى ۋە تەرىقەت ئەدەبلىرى، تەسەۋۋۇپ غايىلىرى ۋە مەرىپەت سىرلىرى، ئادىمىيلىك بەلگىلىرى ۋە ئىلىم خاسىيەتلىرىنى توغرا يەتكۈزۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئاۋامنى توغرا يولغا يېتەكلەشتىن باشلىغان»①.

خەراباتىي مەسنەۋىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تېما ئەخلاق تېمىسى بولۇپ، شائىر بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا ئەخلاقنى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت، مەنىۋى كامالەت، بىلىم ۋە بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئېتىكىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيەنى «سەۋەب» ۋە «ئۇرۇق» ئورنىدا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى «ئاقىۋەت»، «ھوسۇل» ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ھەق بىلەن باتىل، ئادالەت بىلەن زۇلۇم، ئىلىم بىلەن جاھالەت قاتارلىق ئېتىكىلىق ئۆلچەملەر ئۈستىدە توختالغان.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن خەراباتىي قەلىمىدە چوڭ تېمىلاردىن يەنە بىرى ئىشق تېمىسى بولۇپ، ئىشق ئىنسانغا ئۆزىنى تونۇش ئىمكانىيىتىنى بەرگۈچى ۋە ئىنساننى ئۆز ئەسلى ھەققىدە پىكىرگە ئۈندەپ، ئۆز ئىگىسىنى تونۇش ۋە بارلىق سۆيگۈسىنى ھەققە بېغىشلاشقا يېتەكلىگۈچى كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەراباتىي ئىشقنى زەۋق بىلەن كۈيلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ رەمزى بولغان مەينى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. خەراباتىينىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ كامالىتىمۇ ئىشق ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولغاچقا، ئىنسان ھەرقانداق پىكىر ۋە پائالىيىتىدە ھەقنىڭ ۋەسلىنى مەقسەت قىلىشى ۋە ئۆزىنى ئاتىشى كېرەك. مۇشۇ خىل قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ مەسنەۋىسىدە مەي، بادە، يار، ساقىي، مەيخانە... دېگەنگە ئوخشاش تىمساللار ۋە كۆپلىگەن بەدىئىي سەنئەتلەر قوللىنىلغان.

خەراباتىي مەسنەۋىسىدە زەۋق بىلەن مۇتالىئە قىلىنغان يەنە بىر تېما ئىلىم ـ مەرىپەت تېمىسى بولۇپ، خەراباتىي «مەئرىفەت» دېگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپىي مەنىسىنى كۆزدە تۇتقان. ئۇنىڭچە، مەرىپەت ــ بىلمەك، چۈشەنمەك، يەنى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ۋە سۈپەتلىرىنى، ئەسلىنى، ئاساسىنى بىلمەك، ئىدراك قىلماقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىلىشنىڭ مەركىزىدە ھەقنى بىلىش تۇرىدۇ:

مەئرىفەتلىك ئادەمى خەيرۇل بەشەر،

---

① ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىل نەشرى، 89 ـ بەت.

مەئرىفەتسىز ئادەمى ئىتدىن بەتەر.

ھەقنى بىلگەن مەئرىفەت، ئەي زۇ فۇنۇن،
ئۆزگە ئىلملەر ھىيلەيۇ مىكرۇ فۇسۇن.

ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىلىم ئىنساننى توغرا يولغا، ھىدايەتكە يېتەكلەشنىڭ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت تىكلەشنىڭ ۋاستىسى، شۇڭلاشقا ئىلىم ئەھلىلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش تولىمۇ زۆرۈر. ئىلىمگە ئەمەل قىلىش ئىنسانىي كاملىلىقنىڭ شەرتى، بۇنىڭ ئۈچۈن نەفسدىن غالىب كەلمەك كېرەك. شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى مەسنەۋىدىكى «فەزىلەتى ئۇلەما»، «ئۇلەمايى بىئەمەللەرنى ئايتۇر»، «ئىلمى لەدۇن»... قاتارلىق ماۋزۇلاردىكى پىكىرلەردىن كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، مەسنەۋىدىكى يارقىن نۇقتىلار ئىنسانىي كامىل، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق... قاتارلىق تېمىلاردا بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا بۇ نۇقتىلارغا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر. ئومۇمەن، بۇلار مەسنەۋىدىكى مۇھىم تېمىلار ھەققىدىكى ئۈچۈرلاردىن ئىبارەت خالاس.

تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، چوڭ جەھەتتىن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئالتە ئەسىرلىك ئەدەبىياتىمىزدا، تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان مەزكۇر ئەسەردىمۇ يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەربىر تېما تەسەۋۋۇپنىڭ بەدىئىي غايىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. گەرچە تارىختىن بۇيان، تەسەۋۋۇپقا شۇنداقلا ئۇنىڭ دىيارىمىزدىكى تەدبىقلىنىشى ۋە ئىستېمالدىكى (ئايرىم شەخسلەر بۇنىڭ سىرتىدا) بەزىبىر مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن كونكرېت ئەسەرلەرنى بىراقلا ئىنكار قىلىشنى توغرا دەپ قارىمايمىز. چۈنكى، بۇ ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق جەرياندىكى تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە تارىخىمىزنىڭ ماددىي پاكىتلىرىغا بولغان ئىنكارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئوخشاشمىغان قاراشتىكىلەرنىڭ مەسىلىنى كەڭرەك ئويلاپ، ئىلمىيلىك ۋە پايدىلىنىش ئېگىنى چىقىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، خىراباتىينىڭ مەسنەۋىسىدە يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر قاتار ئىلغار تېمىلار ۋە بەدىئىي غايىلەر بولۇش بىلەن بىللە يەنە بەزىبىر زىددىيەتلىك پىكىرلەر① شۇنداقلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قاراشلارمۇ② مەۋجۇت. بۇ نۇقتىلاردا تەنقىدىي مۇئامىلە تۇتۇش زۆرۈر.

(ئاپتور — جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

① شائىر بەزىدە دۇنيادىن قول ئۈزۈش، بىر دىنارمۇ پۇل - مال ساقلىماسلىقنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىدە زاكات بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ؛ يەنە بەزىدە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، پىنھاندا يالغۇز بولۇشنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىدە مېھماننى ئوبدان كۈتۈشكە ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەكىتلەيدۇ.

② شائىر بىر قىسىم جايلاردا تەسەۋۋۇپىي پىكىرلەرنى ئىپادىلەش غىرىزىدە ھەتتا رىزق ئىزدەپ ئىشىكتىن چىقىشنى ئازغۇنلۇق، دۇنياغا بېرىلىش دەپ يازسا، يەنە بەزى جايلاردا ناماز ئوقۇشنىمۇ رىيا ۋە شەكىلۋازلىقتا تەئەللۇق دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ۋاھالەنكى تەسەۋۋۇپمۇ ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل ئاشۇرما پىكىرنى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»تىكى ئېنىق كۆرسەتمىلەر بىلەن رەت قىلىدۇ.

ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف

# كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئەمىرىي» تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ھەققىدە مۇلاھىزە

چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەمىرىي (ياكى ئەمىر) تەخەللۇسلۇق مەشھۇر شائىردىن ئىككىسى بولۇپ، بۇلاردىن بىرسى 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن، «دەھنامە»، «بەڭ ۋە چاغىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى مەۋلانا يۇسۇف ئەمىرىي، يەنە بىرسى 1810 ــ 1822 ـ يىللاردا قوقەند خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئەمىر ئۆمەرخاندۇر. يۇسۇف ئەمىرىي ھەققىدە ئەلىشىر نەۋايى ئۇنىڭ تۈركىي ئىكەنلىكىنى، تۈركىي شېئىرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما شۆھرەت قازىنالمىغانلىقىنى، پارسچە شېئىرلىرىدا شەيخ كەمال خوجەندىيگە ئىزداشلىقىنى، قەبرىسىنىڭ بەدەخشان تەرەپتىكى ئەرھەڭ سارايدا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ[1]. شائىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. يۇسۇف ئەمىرىينىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە پروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا پروفېسسور كەمال ئارسلاننىڭ «نەۋايىغا تايىنىپ» ئېيتقان «ئەمىرىي 1433 ـ يىلى ھېراتتا ۋاپات بولغان»[2] دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، چۈنكى نەۋايىنىڭ ھېچبىر ئەسىرىدە بۇنداق تارىخنىڭ قەيت قىلىنمىغانلىقىنى، كەمال ئارسلاننىڭ بۇ يىلنامىنى يانوش ئېكماننىڭ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (Die tschaghataische Literatur) ناملىق ماقالىسىدىن ئالغانلىقىنى، لېكىن يانوش ئېكماننىڭ بۇ يىلنامىنى شاھرۇخنىڭ ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزا (1397 ــ 1433)نىڭ ۋاپات يىلى دەپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان[3]. ئېيتىش كېرەككى، پروفېسسور كەمال ئارسلان يۇسۇف ئەمىرىينىڭ ۋاپات يىلى دەپ كۆرسەتكەن بۇ يىلنامىنىڭ تەسىرى زور بولغان. مەلۇمكى، مەۋلانا يۇسۇف ئەمىرىي «مەجالىسۇن ـ نەفايىس»نىڭ بىرىنچى مەجلىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، نەۋايى بىرىنچى مەجلىستە ئېيتقان كىشىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان. بەلكىم يۇسۇف ئەمىرىي نەۋايى تۇغۇلغۇچە ياكى نەۋايىنىڭ بىر ـ ئىككى ياش ۋاقتىلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. شائىرىمىزنىڭ نەۋايى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن سىرت، ئەسەرلىرىنىڭ ئىملا ۋە تىل ئالاھىدىلىكىگە، شۇنداقلا «دەھنامە» مەسنەۋىسىنىڭ

① ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس» (ئابدۇرېشىت ئىسلام قاتارلىقلار تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 23 ـ بەت.
② كەمال ئارسلان: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، سەككىزىنچى توم، ئىستانبۇل، 1993 ـ يىلى نەشرى، 171 ـ بەت.
③ ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە2011 ـيىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان، 5 ـ بەت.

ھىجرىيە 833 - يىلى(مىلادىيە 1429 - يىلى) تاماملانغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا شاھرۇخنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا، مەۋلانا يەقىنىينىڭ «ئوق ۋە يا» مۇنازىرىسىدە شائىرىمىزنى مەۋلانا سەككاكىي ۋە مەۋلانا ئاتايى بىلەن بىر قاتاردا كۆرسەتكەنلىكىگە، شۇنداقلا، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» تەزكىرىسىدە يۇسۇف ئەمىرىينىڭ بايسۇنغۇر مىرزىغا بېغىشلىغان پارسچە قەسىدىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانلىقىغا① قاراپ، ئۇنىڭ 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ياشىغانلىقىنى ۋە بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ سارايى شائىرلىرىدىن بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. تۈركىيە ئالىملىرىدىن مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە بىلەن كەمال ئارسلان شائىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىدە ھەتتا پارسچىنى تۈركىيگە قارىغاندا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغانلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىشىدۇ②. ئېرگەش رۇستەموفمۇ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ مەلۇماتىغا تايىنىپ، يۇسۇف ئەمىرىينىڭ پارسىي شېئىرنىڭ كاتتا ماھىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ③.

شائىرىمىزنىڭ بىزگىچە بايسۇنغۇر مىرزىغا تەقدىم قىلغان «دەھنامە» مەسنەۋىسىدىن سىرت، «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسى بىلەن پارسچە شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بىر دىۋانى يېتىپ كەلگەن④. قىرىق يېرى، يۇسۇف ئەمىرىينىڭ پارسچە دىۋانىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورنى توغرىسىدا ئوسمان فىكرى سەرتقايا بىلەن ئۇزەيىر ئارسلاننىڭ مەلۇماتى بىردەك ئەمەس، يەنى ئاۋۋالقىسى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 3883 رەقەم بىلەن دېسە، كېيىنكىسى سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى ئاياسوفىيە بۆلۈمىدە 3883 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، قول يازما 68 ۋاراق دەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن، كۆپ مەنبەلەردە شائىرىمىزنىڭ «تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن دىۋانى» نىڭمۇ بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ⑤. پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا بۇ ھەقتە: «يۇسۇف ئەمىرىي بەلكىم تۈركىي دىۋان تۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى تۈزگەن بولسىمۇ بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، يۇسۇف ئەمىرىينىڭ تۈركىي دىۋانى بىزگە مەلۇم ئەمەستۇر»⑥ دەپ ئېيتىدۇ.

ئەمدى ئەمىر ئۇمەرخان( 1787 — 1822 )غا كەلسەك، بۇ خان شائىر ئىلىم - مەرىپەتكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆز سارىيىغا زامانىسىنىڭ كاتتا شائىرلىرىنى توپلىغانىدى. بۇ ھەقتە يانۇش ئېكمان: «ئۆزىنىڭ ئەمىر تەخەللۇسى بىلەن نەۋايى ئۇسلۇبىدا يازغان ناھايىتى كۆپ شېئىرلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئايالى نادىرە ۋە ئوغلى مۇھەممەدئەلىمۇ ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن ۋە شېئىرلار يازغان كىشىلەر بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىلا ئۇمەرخان زامانى ھۈسەين بايقارا دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغانىدى» دەپ كېلىپ، ئۇمەرخاننىڭ سارايى شائىرلىرىدىن بولغان سەمەرقەنتلىك ئەدا تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ:

گەر نەۋايىدىن ئەدا سۆزىنى ئۆتكەرسە، نە تاڭ،
شاھ ئۇمەر ئەفزەلمۇ يا سۇلتان ھۈسەينى بايقارا؟

① ئېرگەش رۇستەموف: « 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 - يىلى نەشرى، 29 - بەت.

② مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»(تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، بۇلاق، 2001 - يىللىق 3 - سان، 70 - بەت؛ كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 - يىلى 7 -، 8 - ئايلىق قوش سان، 599 -، 600 - بەتلەر.

③ ئېرگەش رۇستەموف: « 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 - يىلى نەشرى، 29 - بەت.

④ ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە2011 -يىلى ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان،6 -بەت؛ ئۆزەيىر ئاسلان: «خان شائىرى ئەمىرىينىڭ مۇسەممەتلىرى»، «مودېرن تۈركلۈك تەتقىقاتلىرى» ژۇرنىلى، 8 - جىلد، 2011 - يىللىق 1 - سان 50 - بەت.

⑤ ئا. ن. سامايلوۋىچنىڭ يېگىلىشى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە داۋاملاشقان بۇ پىكىر خېلى كۆپ چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھازىرغىچە تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

⑥ ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە 2011 -يىلى ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان، 6 -بەت..

دېگەن بېيىتىنى كۆرستىپ ئۆتىدۇ[1]. دەرۋەقە، ئۇمەرخان 19 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇپ، تۈركىي ۋە فارسىي غەزەللىرىدىن سىرت، مەۋلانا لۇتفىي (1367 ــ 1463)، ئەلىشىر نەۋايى (1441 ــ 1501)، مۇھەممەد فۇزۇلىي (1498 ــ 1556)، نابىي (1640 ــ 1712) ۋە مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي (1676 ــ 1756) غەزەللىرىگە يازغان بىرمۇنچە تەخمىسلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، يۇقىرىقى ئىككى «ئەمىرىي» ياشىغان دەۋرىنىڭ شۇنچە يىراقلىقىغا، ئەسەرلىرىنىڭ تىل پەرقلىرىگە، ھەتتا بەزىبىر مۇسەممەتلەردىكى بېشارەتلەرگە قارىماستىن، بۇلارنىڭ دىۋانلىرى ئىلىم ساھەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور ئوسمان فىكرى سەرتقايا 2011 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇغان «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى» ناملىق ماقالىسىدە يۇقىرىقى ئىككى شائىر دىۋانلىرىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىنى، ئا. ن. سامايلوۋىچنىڭ يۇسۇف ئەمىرىي تۇيۇقلىرى دەپ بەرگەنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەمىر ئۇمەرخانغا مەنسۇپلۇقىنى، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، خ. ف. خوفمان، ئى. ھ. ئەرتايلان، يىلدىز كوجاساۋاش ۋە كازىم كۆكتېپكىن قاتارلىقلارنىڭ «ئەمىرىي دىۋانى»نىڭ مەنسۇبىيىتى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ھەم بۇ قاراشنىڭ تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستاندا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان[2].

بىز بۇ يىلنىڭ بېشىدا يۇسۇف ئەمىرىينىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا دوكتور كازىم كۆكتېپكىن تەرىپىدىن تەييارلانغان،2007 ـ يىلى تۈركىيە ئەرزۇرۇمدا نەشر قىلىنغان «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»نى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتۇق. ھەيران قالدۇقكى، نەۋايى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن شائىر يۇسۇف ئەمىرىي «دىۋانى»دا نەۋايى، فۇزۇلىي، نابىي ۋە مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي غەزەللىرىگە يېزىلغان تەخمىسلەر تۇرىدۇ. بۇ يەردە بىزنى پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايانىڭ: «بۇنىڭدا بىر چوڭ مەسىلە بار، 1400 ـ يىللاردا، يەنى 15 ـ ئەسىردە ياشىغان بىر چاغاتاي شائىرى (يۇسۇف ئەمىرىي) 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئوسمانلى شائىرى مۇھەممەد فۇزۇلىينىڭ، ھەتتا 17 ـ ئەسىردە ياشىغان ئوسمانلى شائىرى نابىينىڭ غەزەللىرىگە قانداق تەخمىس يازىدۇ؟»[3] دېگەن سۆزلىرىگە ياندىشىپ، نەۋايىدىن بۇرۇن ياشىغان بىر شائىر 18 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىرىمىز مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي غەزەللىرىگىمۇ قانداق تەخمىس باغلايدۇ؟ دېگەن سوئاللار چىرمىۋالدى. دوكتور كازىم كۆكتېپكىن «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»نى تەييارلاشتا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 2850 ۋە 5452 رەقەملەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قول يازمىغا ئاساسلانغان بولۇپ، بۇلاردىن 5452 نومۇرلۇق قول يازما مىلادىيە 1816 ــ 1817 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلگەن[4]. بۇ ئىككى قول يازما دەل ئا. ن. سامايلوۋىچ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، خ. ف. خوفمان، ئى. ھ. ئەرتايلان ۋە يىلدىز كوجاساۋاشلار ئاساسلانغان نۇسخىلاردۇر. كازىم كۆكتېپكىن «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»نىڭ تىلى، قوللىنىلغان ۋەزىنلىرى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە

① يانۇش ئېكمان: «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى» (بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا نەشرگە تەييارلىغان «خارەزم، قىپچاق ۋە چاغاتاي تۈركچىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن)، ئەنقەرە، 2003 ـ يىلى نەشرى، 217 ـ بەت.

② ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە2011 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان،3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

③ ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە2011 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان،3 ـ بەت.

④ «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېپكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم،2007 ـ يىلى نەشرى،6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

ئىندېكسى بىلەن فاكسىمىلىنى قوشۇپ نەشر قىلدۇرغان بولسىمۇ، بۇ دىۋاننىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بىلەن «دەھنامە»، «بەڭ ۋە چاغىر» ئەسەرلىرىنىڭ تىل پەرقىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان. «يۈسۈپ ئەمىرىي دىۋانى»دا ئۇچرىغان «نەۋايى، فۇزۇلىي، نابىي، زەلىلىي» تەخەللۇسلىرىنى سەزمىگەن، يەنە كېلىپ دىۋاندىكى بەش پارچە شېئىرنىڭ ۋەزنىنى ئېنىقلىيالماي، مىسرالارنىڭ بوغۇم سانىنى زورلاپ تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى 14 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنى دەپ كۆرسەتكەن. دوكتور كازىم كۆكتېكىن بارماق ۋەزنى دەپ كۆرسەتكەنلەر 34 -، 83 -، 90 -، 211 -، 296 - نومۇرلۇق شېئىرلار بولۇپ، بۇلارنىڭ مەتلەئى ۋە كونكرېت ۋەزىن ئايرىمىسى تۆۋەندىكىچە:

34 - نومۇرلۇق:

ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر

ئەي كۆڭۈل، بۇ دەير ئىچرە رىندلەرغە ئۇلفەت تۇت،
مۇغبەچە ئاياغىن ئۆپ، دەير پىرىن ئىززەت تۇت،
بادە نۇش ئېتىپ جانان جىلۋەسىن غەنىيمەت تۇت،
بىر نەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان بېرۈرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەئى مەئشۇق ياستانۇرنى دەۋلەت تۇت.
— — — V / —V— / — — — V / — V —
فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

83 - نومۇرلۇق:

ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر

لەبلەرىڭ تەكەللۇمدا تۆكتى نېچە گەۋھەرلەر،
تەرماغىغا ئاجىزدۇر بارچە نۆكتە پەرۋەرلەر.
— — — V / —V— / — — — V / — V —
فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

90 - نومۇرلۇق:

ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر

كۆردى نازەنىنلەردىن تۆگمەئى گىرىبانلار،
تۆكتى مەردۇمى چەشمىم قەترە - قەترە مەرجانلار.
— — — V / —V— / — — — V / — V —
فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

211 - نومۇرلۇق:

ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر

لەب ئۈيۈر تەكەللۇمغا زۇلفىنى پەرىشان قىل،
قەند قىيمەتىن سىندۇر نەرخى ئەنبەر ئەرزان قىل.

— — — ∨ / — ∨ — / — — — ∨ / — ∨ —
فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

296 ـ نومۇرلۇق:
ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر

شەمئى ئارەزىڭ ھەردەم مەھفىلى خىيال ئىچرە،
جان قۇشى چۇ پەرۋانە ئۆرتەدى ۋىسال ئىچرە.
— — — ∨ / — ∨ — / — — — ∨ / — ∨ —
فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بەش پارچە شېئىر بىرلا خىل ۋەزىندە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ۋەزىن ئەدەبىياتىمىزدا زەھىرىددىن بابۇرغىچە ئىجادىيەتتە قوللىنىلمىغان بولۇپ، 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ[①]. كازىم كۆكتېكىننىڭ بۇ سەۋەنلىكلىرى تۈركىيە تەتقىقاتچىلىرىغا خېلى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلاردىن پەقەت تۈركىيەدە 2013 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، مۇستافا ئارغۇنشاھنىڭ «چاغاتاي تۈركچىسى» بىلەن يەنە شۇ يىلى نەشر قىلىنغان، ئەرسىن تەرەسنىڭ «چاغاتاي تۈركچىسى» ناملىق ئەسەرىنى مىسال ئېلىشلا كۇپايە[②]. پىروفېسسور مۇستافا ئارغۇنشاھ «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»نىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قول يازمىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ كازىم كۆكتېكىن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە دىۋاندا قوللىنىلغان ۋەزىنلەر توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بەش پارچە شېئىرنىڭ بارماق ۋەزىندە، قالغانلىرىنىڭ ئارۇز ۋەزىندە يېزىلغانلىقىنى دەپ كېلىپ، ھەتتا شائىرنىڭ ئارۇزغا ماھىر ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتقان. ئېنىقكى، پىروفېسسور مۇستافا ئارغۇنشاھ بۇلارنى تەكشۈرۈپ باقمايلا، كازىم كۆكتېكىندىن ئەينەن ئالغان. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، دوكتور كازىم كۆكتېكىن نەشرگە تەييارلىغان، تۈرك تىلى تەتقىقات جەمئىيىتى (TDK) 2013 ـ يىلى نەشر قىلغان «دەھنامە»نىڭ كىرىش سۆزىدە يۇسۇف ئەمىرىينىڭ پارسىي ۋە تۈركىي شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋانىنىڭ بىرلا قول يازمىسىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 2753 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان[③]. بۇ يازما ھەققىدە پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «دىۋانلارنىڭ بىرىنچىسى كونا نومۇردا تۈركچە يازمىلار 5452، يېڭى نومۇردا بولسا تۈركچە يازمىلار 2753» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ[④]. كازىم كۆكتېكىن دىۋانغا قوشۇمچە قىلغان نۇسخا دەل شۇ 2753 نومۇرلۇق قول يازما بولۇپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي غەزىلىگە يېزىلغان ئۈچ تەخمىسنىڭ ھەممىسى بۇ نۇسخىدا مەۋجۇت. دېمەك، دوكتور كازىم كۆكتېكىنمۇ بۇ دىۋاننىڭ زادى كىمگە تەئەللۇقلۇقىنى تېخى بىلەلمىگەن.

---

① بۇ بەش شېئىرنىڭ بىرىنچىسى دەل ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي غەزىلىگە يازغان تەخمىسى بولۇپ، زەلىلىينىڭ بۇ غەزىلىنىڭ ۋەزنى توغرىسىدا ئىلگىرى مەلۇمات بەرگەنىدۇق. ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف: «زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2013 ـ يىللىق 6 ـ سان، 47 ـ، 48 ـ بەتلەر.

② مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 ـ يىلى نەشرى، 34 ـ بەت؛ ئەرسىن تەرەس: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىزمىر، 2013 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ بەت.

③ يۇسۇف ئەمىرىي: «دەھنامە»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2013 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

④ ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە 2011 ـيىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان، 3 ـ بەت.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1926 - يىلى ئاكادېمىك ئا. ن. سامايلوۋىچ يۈسۈپ ئەمرىينىڭ 11 تۇيۇقىنى ئېلان قىلغان[1]. هادى زەرىپ تەرىپىدىن تەييارلانغان، 1948 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «نەۋايى زامانداشلىرى» ناملىق توپلامدا «يۈسۈپ ئەمرىينىڭ تۈركىي شېئىرلار دىۋانىنىڭ تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى»[2]دىن ئۇچۇر بېرىلگەن ھەم «يۈسۈپ ئەمرىي دىۋانى»دىن ئۈچ غەزەل، توققۇز تۇيۇق، بىر تەرجىئبەند كەلتۈرۈلگەن بولسا، 1959 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ناملىق ئانتولوگىيەگىمۇ هادى زەرىپ كۆرسەتكەن شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن[3]. ئا. م. شېرباكمۇ ئۆزىنىڭ «كونا ئۆزبېك تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە يۈسۈپ ئەمرىينى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ 24 تۇيۇق كىرگۈزۈلگەن دىۋانىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا 2753 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ[4]. ئەمەلىيەتتە، بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ بولۇپ، ئا. ن. سامايلوۋىچ ۋە مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادىلەرنىڭ يېڭىلىشلىرى هادى زەرىپ، ئېرگەش رۇستەموف ۋە ئا. م. شېرباك قاتارلىق سوۋېت ئالىملىرىنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويغان. ئۆزبېكىستاندا يېقىنقى ئىككى توپلامنىڭ رولى كاتتا بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن تۈزۈلگەن توپلاملار، تەتقىقاتلار ۋە دەرسلىكلەردە بۇلاردىن پايدىلىنىلغان[5].

ئېيتىش كېرەككى، ئېلىمىزدە تۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخلىرىدا يۈسۈپ ئەمرىي توغرىسىدا كۆپ مەلۇمات يوق، بولغانلىرىدا پەقەت «دەھنامە» مەسنەۋىسى بىلەن «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىدىن سىرت، تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان دىۋانىنىڭ تۈركىيەدە ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭدا غەزەل، تەرجىئبەند، تۇيۇقلارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ[6]. تەتقىقاتچى قادىر ئەكبەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلغان «يۈسۈپ ئەمرىي شېئىرلىرىدىن»مۇ ئەمەلىيەتتە ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ شېئىرلىرىدۇر. يەنە نۆۋەتتە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ تەييارلىشىمىز بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە يۈسۈپ ئەمرىينىڭ تۈركىي - پارسىي دىۋانى ھەققىدە دوكتور كازىم كۆكتېكىننىڭ مەلۇماتىدىن پايدىلانغانىدۇق[7].

كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، 1997 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «باياز - 2 »دە بېرىلگەن «تېمۇر كوراگان ئەۋلادىدىن بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە ‹تارىخىي رەشىدىي›نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئانا تەرەپتىن بىر نەۋرە زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530 )نىڭ نەسەبلىرىدىن، يەنى 16 - ئەسىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەرباب شائىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ تۇغقانلىرىدىن» بولغان ئاتالمىش «ئەمەرىي خوتەنىي»مۇ بىزنىڭچە تارىختا بولمىغان ياكى ئەسەرلىرى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس شائىردۇر. بىزنى

① ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىرامماتىكىسى»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1962 - يىلى نەشرى، 30 - بەت.
② هادى زەرىپ: «نەۋايى زامانداشلىرى»، تاشكەنت، 1948 - يىلى نەشرى، 51 - بەت.
③ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، بىرىنچى توم(يۈسۈپ ئەمرىي ئەسەرلىرىنى ئېرگەش رۇستەموف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1959 - يىلى نەشرى، 215 - 223 - بەتلەر.
④ ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىرامماتىكىسى»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1962 - يىلى نەشرى، 30 - بەت.
⑤ «نەۋايىنىڭ نىگاھى چۈشكەن»، تاشكەنت، 1987 - يىلى نەشرى، 133 - 140 - بەتلەر؛ مەئمۇرە جامالوۋا: «ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نامە ژانىرى»، تاشكەنت، 1992 - يىلى نەشرى، 41 - 42 - بەتلەر؛ نۇرغالى سىزدىقبايېۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»(رۇسچە)، تاشكەنت، 2006 - يىلى، 32 - بەت.
⑥ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، 2 - قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982 - يىلى، 77 - 79 - بەتلەر.
⑦ يۈسۈپ ئەمرىي: «بەڭ ۋە چاغىر»(ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ، تۇرسۇنجان مەخمۇت تەييارلىغان)، «بۇلاق»، 2014 - يىللىق 1 - سان، 5 - ، 6 - بەتلەر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

چۆچۈتكىنى بۇ «ئەمىرىي» نامىغا بېرىلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممىسى قوقەند خانى ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانىدىن ئېلىنىغان. «باياز ـ 2»دىكى دىباچە ئۆمەرخان دىۋانىنىڭ تۈركىيە نەشرىدە يوق، لېكىن تاشكەنت نەشرىدىكى بىلەن ئوخشاش[1]. شېئىرلاردىن تۆتىنچى مۇخەممەس ئۆمەرخانىنىڭ مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ زەھىرىدىن بابۇرنىڭ شۇ ۋەزىنلىك «تۇت» رادىفلىق غەزىلىگە يازغان نەزىرەسىگە باغلىغان تەخمىسى بولۇپ، «زەلىلىي» تەخەللۇسى «دەلىل» قىلىپ ئېلىنىغان[2]. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تېخى ئاتالمىش «ئەمىرىي خوتەنىي»نىڭ خوتەندە تۇغۇلۇپ، بالىلىق دەۋرلىرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى، كېيىن بەدەخشان ۋە خوجەندكە ئەمىرلىككە تەيىنلىنىپ، سەلتەنەتكە ئېرىشىمۇ، «يۇرتى خوتەن»نى تەشنالىق بىلەن سېغىنغانلىقىنى ۋە ھەر بىر غەزىلىدە خوتەننى ئەسلىمەي ئۆتمىگەنلىكىنى يازغان. لېكىن ئەستايىدىل قارالىدىغان بولساق، مۇشۇ سۆزلەرگە ئېلىنىغان مىساللارنىڭ پۈتۈنلەي ئۆمەرخان دىۋانىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، شائىرنىڭ «خوتەندىن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدىغان»:

خەتى زۇلفۇڭنى سەۋادىسىدا دەرمىش ناتەۋان كۆڭلۈم،
خىتا بىرلە خوتەندە خانۇ سۇلتانىمنى ساغىنىدىم.

دېگەن بېيىت ئۆمەرخان دىۋانى تۈركىيە نەشرىنىڭ 230 ـ غەزەلىنىڭ يەتتىنچى بېيىتىدۇر. «ئەمىرىي خوتەنىي» توغرىسىدا باشقا يازما مەنبە بارمۇ ياكى «باياز ـ 2»دىكى ساختا ئۇچۇر سەۋەبىدىنمۇ بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ شائىر تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور تۇرسۇن قۇربان تۈركەش ئۆزىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام›دىكى زەلىلىي غەزەللىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئەمىر ئۆمەرخان توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈشىگە قولاي بولۇشى ئۈچۈن «ئەمىر تۆمۈر نەسەبىگە مەنسۇپ خوتەندە تۇغۇلۇپ، بەدەخشاندا مەنسەپ ئىگىسى بولغان شائىر ئەمىرى ئەمەس» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىش بەرگەن[3].

ئەمدى بىز «دەھنامە»[4]، «بەڭ ۋە چاغىر»[5] ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بىلەن «ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانى»[6]نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، چاغاتاي تىلىنىڭ ئىككى دەۋرىدە ياشىغان بۇ ئوخشاش تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ تىلىدىمۇ خېلى پەرق بارلىقىنى بايقايمىز. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

فونېتىكا جەھەتتە:

1) «دەھنامە»دە «ئۆسرۈك»(اوسروك) شەكلىدىن سىرت «ئەسرۈك»(اسروك)مۇ قوللىنىلغان. خۇددى زامانداشلىرىدىن مەۋلانا سەككاكىي، مەۋلانا لۇتفىي ۋە مەۋلانا گەدايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا ئوخشاشلا يۇسۇف ئەمىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ بۇ شەكىل ساقلانغان. نەۋايى ئەسەرلىرىدە بۇ «ئۆسرۈك»(مەست) شەكلىدىلا بولۇپ، يېپىق بوغۇمدىكى «ئە»نىڭ «ئۆ»لىشىش ئەھۋالى چاغاتاي تىلىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتىدۇر[7].

① ئەمىرىي: «دىۋان» (مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى، 19 ـ 22 ـ بەتلەر.
② «باياز ـ 2»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 63 ـ بەت. زەلىلىينىڭ بۇ غەزىلى مەرھۇم ھاجى ئەخمەت تۇرسۇن ئەپەندى تەييارلىغان «زەلىلىي دىۋانى»غىمۇ كىرگۈزۈلگەن. قاراڭ: شۇ كىتاب 41 ـ، 42 ـ بەتلەر.
③ تۇرسۇن قۇربان تۈركەش: «‹ئون ئىككى مۇقام›دىكى زەلىلىي غەزەللىرى توغرىسىدا»، «بۇلاق»، 2012 ـ يىللىق2 ـ سان، 43 ـ بەت.
④ يۇسۇف ئەمىرىي: «دەھنامە»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2013 ـ يىلى نەشرى؛ بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 رەقەملىك مەجمۇدە ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
⑤ يۇسۇف ئەمىرىي: «بەڭ ۋە چاغىر»(ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف، تۇرسۇنجان مەخمۇت تەييارلىغان)، «بۇلاق»، 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 رەقەملىك مەجمۇدە ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
⑥ «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم،2007 ـيىلى نەشرى؛ ئەمىرىي: «دىۋان»(مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى؛ «باياز ـ2 »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
⑦ مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»(«خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن()، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 332 ـ بەت.

ئومۇمىي 159 ـ سان

2) ت،د، «بەڭ ۋە چاغىر»دا «تېدى» شەكلى كۆپرەك، «دېدى» شەكلى ئازراق قوللىنىلغان بولسا، «دەھنامە»دە «دېدى» شەكلى كۆپ قوللىنىلغان. «ـ تەك، ـ دەك» قوشۇمچىلىرىدىن ھەرئىككى ئەسەردە «ـ تەك» كۆپ قوللىنىلغان، يەنى يۈسۈف ئەمىرىيدە بۇلارنىڭ قەدىمىي شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. پىروفېسسور يانوش ئېكمانمۇ «ـ تەك»نىڭ نەۋايىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ①. ئۆمەرخاندا «تەپ، تېدى»، «ـ تەك»لەر قوللىنىلمىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئورنىدا «دەپ، دېدى»، «ـ دەك» شەكىللىرى ئىشلىتىلگەن.

3) يۈسۈف ئەمىرىي تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى «ق، غ، ك» تاۋۇشلىرى ساقلانغان. مەسىلەن، «بەڭ ۋە چاغىر»دا «ياۋۇق»(يېقىن) بولۇپ، «ياۋۇ» ياكى «ياۋى» ئەمەس. ئۆمەرخاندا بۇ تاۋۇشلار ئاساسەن چۈشۈپ قالغان، يەنى «قامۇق، قامۇغ»(بارچە) ئەمەس، بەلكى «قامۇ»دۇر. مەسىلەن، «ئارەز ئۇلغاندەك قامۇ مىرئاتى رۇخسارىغا زەنگ» دېگەن مىسرادا «قامۇ» شەكلى كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى قىسقا بوغۇمنى شەرت قىلمىغان شارائىتتا قوللىنىلىشى ھەرگىزمۇ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن ئەمەس.

مورفولوگىيە جەھەتتە:

1) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى يۈسۈف ئەمىرىي تىلىدا «ـ نىڭ»، بەزىدە لەۋلەشكەن شەكلى «ـ نۇڭ»مۇ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن «بەڭ ۋە چاغىر»دا پۈتۈنلەي «ـ نىڭ» قوللىنىلغان. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى«ـ نى» ئىگىلىك كېلىش رولىدا كەلمىگەن. ئۆمەرخاندا ئىگىلىك كېلىش ئۈچۈن «ـ نىڭ» قوللىنىلغاندىن سىرت، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدىكىدەك چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نى»نى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئورنىدا ئىشلىتىش مەۋجۇت. لەۋلەشكەن شەكلى «ـ نۇڭ، ـ نوڭ» ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

خەتى زۇلفۇڭنى سەۋداسىدا دەرمىش ناتەۋان كۆڭلۈم،
خىتا بىرلە خوتەندە خانۇ خاقانىمنى ساغىندىم.②

دېگەن بېيىتنى مىسال قىلساق، «زۇلفۇڭنى سەۋداسىدا» دېگەن بىرىكمىدىكى «ـ نى» دەل ئىگىلىك كېلىش رولىدا كەلگەن. ئەپسۇس، بۇ يەردىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئورنىدا قوللىنىلغان «ـ نى»نىڭ ۋەزىندە قىسقا بوغۇمنى شەرت قىلغانلىقىغا دىققەت قىلماي، «ئەمىرىي خوتەنيي»نى تەييارلىغۇچىلار كىرىش سۆزدە بۇ قوشۇمچىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، «نىڭ» قىلىۋەتكەن③.

2) يۈسۈف ئەمىرىيدە «ـ لىق، ـ لۇق، ـ لىغ، ـ لۇغ، ـ لىك، ـ لۇك» قوشۇمچىلىرى كەڭ قوللىنىلغان، ئوغۇز ـ قىپچاقچە «ـ لى، ـ لو»(ـ لى، ـ لۇ، ـ لۈ)لەردىن «ـ لۇ» ناھايىتى ئاز قوللىنىلغان، «ـ لى، ـ لۇ» قوللىنىلمىغان. بۇلاردىن «ـ لىق، ـ لۇق، ـ لىغ، ـ لۇغ، ـ لىك، ـ لۇك»لەر «بەڭ ۋە چاغىر»دا خاراكتېرلىك. مەسىلەن «دەھنامە»دىكى:

سەۋۇنۇپ يەتتى ئول شۇخ سۆزلۇ قاسىد،
كى قىلدى مەنتىقى شەرھى مەقاسىد.

دېگەن مىسرادا «سۆزلۇ» سۆزى ئۇچرايدۇ. بىزنىڭچە بۇ يەردىكى «ـ لۇ» قوشۇمچىسى ۋەزىن ئېھتىياجىدىن

① يانوش ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» (گۈنەي قاراتاغاچ تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل، 1988 ـ يىلى نەشرى، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.
② «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى» (كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم، 2007 ـ يىلى نەشرى، 245 ـ بەت.
③ «باياز ـ 2»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

قوللىنىلغان. چۈنكى «سۆزلۈك» قىلسا كېيىنكى بوغۇمى قىسقا بوغۇمغا توغرا كەلگەنلىكتىن، شائىر بىز قىسقا شەكىل «-لۈ»نى ئىشلەتكەن.

ئۆمەرخاندا «-لىق، -لوق، -لىغ، -لوغ»لاردىن سىرت، «-لى، -لو»(-لى، -لۇ، -لۈ)لەرمۇ خېلى قوللىنىلغان. پىروفېسسور مۇستافا ئارغۇنشاھ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىدا «-لى، -لۇ، -لۈ»لەرنى سۆزلەپ كېلىپ، كىلاسسىك دەۋردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مەتىنلەردە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لىك»نىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە مىسال ئۈچۈن «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى»دىن «قانلۇ كۆڭلۈمنى پەرىشان ئەتتى تا كۆردۈم ئەمىر» دېگەن مىسرادىكى «قانلۇ» سۆزىنى كۆرسىتىدۇ[1]. ئەپسۇس، بۇ دوكتور كازىم كۆكتېكىن نەشرگە تەييارلىغان «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى»دىكى 168 - غەزەلنىڭ يەتتىنچى بېيىت بىرىنچى مىسراسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كەلتۈرۈلگەن مىسال ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ بولۇپ قالغان.

3) پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى يۈسۈف ئەمىرىيدە پۈتۈنلەي «-غان، -قان، -گەن، -كەن» بولۇپ، ئوغۇز - قىپچاقچە «-ان، -ەن» قوللىنىلمىغان. ئۆمەرخاندا «-غان، -قان، -گەن، -كەن»دىن سىرت، «-ان، -ەن» شەكىللىرى مەۋجۇت. مەسىلەن:

خوش ئول سائەتكى ئول نەۋرەس نىھالىڭنى كۆرەن چاغدا،
كۆرۈپ ھەيران بولۇپ رۇھى رەۋانىم بولسا قۇربانىڭ[2].

دېگەن بېيىتتا «كۆرەن» قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۆمەرخان ئەسىرىدىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بەزىدە بۇزۇلغان. مەسىلەن، «قەدەم ئۆرگەن مۇھەببەت كويىغا ئەفسانە بولماسمۇ[3]» دېگەن مىسرادىكى «ئۆرگەن» (ئەسلىي ‹ئۆرگان›، بولۇشى كېرەك ئىدى) سۆزىدە بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن.

4) يۈسۈف ئەمىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا كەلگۈسى زامان خەۋەر پېئىلى بولۇشسىزلىق ئۈچىنچى شەخستە تۈپ پېئىللارغا، ياسالما پېئىللارغا ۋە پېئىلنىڭ دەرىجە ئۆزەكلىرىگە «-ماس، -مەس» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان، «-ماز، -مەز» قوللىنىلمىغان. ئۆمەرخاندا «-ماس، -مەس»تىن سىرت، ئاز ساندا «-ماز، -مەز»مۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

تازە قىلدىم ناخۇنى غەم بىرلە كۆكسۈم داغىنى،
ياد قىلمازسەن، گۈلىستانىڭ كېرەكمەزمۇ ساڭا[4].

5) يۈسۈف ئەمىرىي تىلىدا ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى «-سۇن» بولغاندىن سىرت، «-تېك» شەكلىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن «دەھنامە»دىكى:

بىتىتېك ئەمدى تارىخنى كاتىب،

① مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 - يىلى نەشرى، 105 - بەت.

② «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم، 2007 - يىلى نەشرى، 222 - بەت؛ ئەمىرىي: «دىۋان» (مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 - يىلى نەشرى، 142 - بەت.

③ «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم،2007 -يىلى نەشرى، 95 - بەت؛ ئەمىرىي: «دىۋان» (مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 - يىلى نەشرى، 344 - بەت؛ ئۆمەرخان دىۋانىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 5452 TY رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىسىنىڭ فاكسىمىلى، 367b بەت.

④ «يۈسۈف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم،2007 -يىلى نەشرى، 49 - بەت؛ ئەمىرىي: «دىۋان» (مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 - يىلى نەشرى، 31 - بەت. دىۋاننىڭ تاشكەنت نەشرىدە «قىلماس، كېرەكمەس» ئېلىنغان.

ئېرۇر تارىخى ئۈچۈن زەبتى ۋاجىب.

دېگەن بېيىتتا بۇ شەكىل ئىشلىتىلگەن. ئەمىر ئۆمەرخاندا ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق رايىدىكى بۇ ئالاھىدە-لىك كۆرۈلمەيدۇ.

بۇلاردىن سىرت، ئۆمەرخان دىۋانىدا كۆرۈلگەن تەخمىسلەردە نەۋايى ۋە زەلىلىيلەرنىڭ تىلى ئۆزبېك-چىلەشتۈرۈلگەن ياكى بىراقلا بۇزۇۋېتىلگەن. بۇلار بەلكىم 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى يەرلىك كاتىپلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، نەۋايى غەزىلىگە يېزىلغان:

يا رەب، ئول ئاينى نەسىيمى سۇبھى فەراشىمىدۇر،
يا بۇ غەۋغالار فىراق ئەھلىنى خار خاشىمىدۇر،
بارگاھى تەگرەسىدە فىتنەئى ئەۋباشىمىدۇر،
قەسرىنىڭ ھەر كۇنگۇرى ئۈزرە بەلا تاشىمىدۇر،
يوقسا باتىل ئىشق دەئۋا قىلغان ئەل باشىمىدۇر.①

دەپ باشلانغان تەخمىستە قاپىيەلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلار «ـمىدۇر» شەكلىدە كەلگەن. نەۋايى دىۋانىنىڭ مەيلى بېيجىڭ، ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرلىرىگە قارىمايلى، ھەممىسىدە بىردەك «ـمۇدۇر» شەكلىدە ئېلىنى-غان②. مەلۇمكى، سوراق قوشۇمچىسى «ـمۇ»نىڭ «ـمى»لىششى مەملۇك قىپچاقچىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلى-رىدىن بىرىدۇر③. يەنە مۇشۇ تەخمىسنىڭ ئۈچىنچى بەندىدىكى نەۋايى بېيىتىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا «ئەسرۇك» سۆزى ئۇچرايدۇ. نەۋايى دىۋانىغا قارىساق، ئەسلىي «ئۆسرۇك» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئايانكى، «ئەسرۇك»نىڭ «ئۆسرۇك» بولۇشى نەۋايى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ تەخ-مىسلىرىدىكى لۇتفىي ۋە زەلىلىي غەزەللىرىدە كۆرۈلگەن ئاساسلىق مەسىلە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» ئورنىغا «نى»نىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، «ـتەك» قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا «ـدەك»نىڭ يېزىلىشى قاتار-لىق بىر قىسىم تېكىستولوگىيەلىك پەرقلەردۇر.

ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانىدىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتقان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا دەل ئۇيغۇر شېئىرىيە-تىنىڭ نەۋايى ۋە بابۇردىن كېيىنكى پەخرى، 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى مەۋلانا مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي غەزەللىرىگە يېزىلغان تەخمىسلەردۇر. مەلۇمكى، 16 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دىيارىمىزدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلىرىمىز ۋە ئەسەرلىرى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن قاراڭغۇ بىر دۇنيا. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، يانوش ئېكمان ۋە كەمال ئارسلان كەبى چاغاتايشۇناس ئا-لىملارمۇ چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ناما-يەندىلەرنىلا كۆرسىتىپ، بۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ رايونىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن يۈزلىگەن شائىر ـ ئەدىبلەرنى

① «يۇسۇف ئەمىرى دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم،2007 ـ يىلى نەشرى، 97 ـ بەت.
ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ۋەسەت»(ئىسراپىل يۇسۇپ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 318 ـ بەت؛ «بەدايىئۇل ۋەسەت»(كايا تۈركاي تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2002 ـ يىلى نەشرى، 134 ـ، 135 ـ بەتلەر؛ «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ھەمىد سۇلايمان تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1990 ـ يىلى نەشرى، 128 ـ بەت.

② يانوش ئېكمان: «مەملۇك قىپچاق ئەدەبىياتى»(بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا نەشرگە تەييارلىغان «خارەزم، قىپچاق ۋە چاغاتاي تۈركچىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار، نامىلىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن)، ئەنقەرە، 2003 ـ يىلى نەشرى، 53 ـ بەت؛ تالات تېكىن، مەھمەت ئۆلمەز: «تۈركىي تىللارغا كىرىش»، ئىستانبۇل، 2003 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ بەت.

③ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ۋەسەت»(ئىسراپىل يۇسۇپ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 318 ـ بەت؛ «بەدايىئۇل ۋەسەت» (كايا تۈركاي تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2002 ـ يىلى نەشرى، 134 ـ، 135 ـ بەتلەر؛ «بەدايىئۇل ۋەسەت» (ھەمىد سۇلايمان تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1990 ـ يىلى نەشرى، 128 ـ بەت.

تىلغىمۇ ئالمىغان. شۇڭا، 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ھەققىدە ياۋروپا ۋە تۈركىيە ئالىملىرى ھېچقانچە تونۇشقا ئىگە بولالمىغان. دوكتور كازىم كۆكتېكىنمۇ ئۆزى تەييارلاۋاتقان دىۋاندا ئۇچرىغان «يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ، ئەي گۈلئۈزارىم، يۈز قىغانىم بار» سەترىلىك «يىقىلدى دەپ زەلىلىينى ئەدۇ شاد ئولماغىل ھەرگىز، مەدەدكارى ئانىڭ سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىم بار» مەقتەئلىك مەشھۇر غەزەلنى ۋە ئۇنىڭدىكى زەلىلىي تەخەللۇسىنى تونۇيمىغان. پەقەت يېقىندا تۈركىيە نەۋشەھىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور، دوكتور فىلىز قىلىچ مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالە يېزىپ، زەلىلىي ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بەرگەنلىكى مەلۇم. ئەلۋەتتە ئۇشبۇ ماقالىنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، دوكتور كازىم كۆكتېكىن نەشرگە تەييارلىغان «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»، شۇنىڭدەك خېلى كۆپ مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان «يۇسۇف ئەمىرىينىڭ تۈركىي دىۋانى» ئەمەلىيەتتە 15 ـ ئەسىردىكى يۇسۇف ئەمىرىينىڭ ئەمەس، بەلكى 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن قوقەند خانى ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭدۇر. نەۋايىنىڭ مەلۇماتىدىمۇ يۇسۇف ئەمىرىينىڭ تۈركىي شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەت تاپمىغانلىقى كۆرسىتىلگىنىگە قارىغاندا، شائىرىمىز بۇلارنى يىغىپ رەتلەپ بىر دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، خۇددى پىروفېسسور ئوسمان فىكرى سەرتقايا ئېيتقاندەك: «قىسقىسى يۇسۇف ئەمىرىينىڭ تۈركىي دىۋانى بىزگە مەلۇم ئەمەس».

پايدىلانمىلار:

1. «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم، 2007 ـ يىلى نەشرى.
2. «ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانى»، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 5452 TY رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
3. ئەمىرىي: «دىۋان»(مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى.
4. يۇسۇف ئەمىرىي: «دەھنامە»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2013 ـ يىلى نەشرى.
5. يۇسۇف ئەمىرىي: «بەڭ ۋە چاغىر»(ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف، تۇرسۇنجان مەخمۇت تەييارلىغان)، «بۇلاق»، 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان.
6. «باياز ـ 2» (مەمتىمىن يۇسۇپ، مۇھەممەت ئوسمان، بارات رەجەپ تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
7. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس»(ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمجىت قۇربان تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ نەشرى.
8.ئوسمان فىكرى سەرتقايا: «ئەمىرىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلىرى»، بۇ ماقالە2011 ـيىلى ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.
9. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»(تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، بۇلاق، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان.
10. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلىق قوش سان.
11. زۇھال ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى(ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 9 ـ سان.
12. ئېرگەش رۇستەموۋىچ رۇستەموف: « 15ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى.
13. ئۆزەيىر ئاسلان: «خان شائىرى ئەمىرىينىڭ مۇسەممەتلىرى»، «مودېرن تۈركلۈك تەتقىقاتلىرى» ژۇرنىلى، 8 ـ جىلد، 2011 ـ يىللىق، 1 ـ سان.
14. يانۇش ئېكمان: «خارەزم، قىپچاق ۋە چاغاتاي تۈركچىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار»(ئوسمان فىكرى سەرتقايا نەشرگە

تەييارلىغان)، ئەنقەرە،2003 ـيىلى نەشرى.
15. يانۇش ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»(گۇناي قارائاغاچ تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل، 1988 ـ يىلى نەشرى.
16. مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» («خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
17. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، سەككىزىنچى توم، ئىستانبۇل، 1993 ـ يىلى نەشرى، 168 ـ 176 ـ بەتلەر.
18. تالات تېكىن، مەھمەت ئۆلمەز: «تۈركىي تىللارغا كىرىش»، ئىستانبۇل، 2003 ـ يىلى نەشرى.
19. ھ. بېكتېمىروف: «يۇسۇف ئەمىرىي ئەسەرلىرى تىلىدا پېئىل فورمىلىرى»(«ئۆزبېك تىلى تارىخى مەسىلىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن)، تاشكەنت، 1977 ـ يىلى نەشرى.
20. مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 ـ يىلى نەشرى.
21. ئەرسىن تەرەس: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىزمىر، 2013 ـ يىلى نەشرى.
22. ھادى زەرىپ: «نەۋايى زاماندا شلىرى»، تاشكەنت،1948 ـيىلى نەشرى.
23. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»(تۆت توملۇق)، بىرىنچى توم(يۇسۇف ئەمىرىي ئەسەرلىرىنى ئېرگەش رۇستەموف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى.
24. ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1962 ـ يىلى نەشرى.
25. «نەۋايىنىڭ نىگاھى چۈشكەن»، تاشكەنت، 1987 ـ يىلى نەشرى.
26. مەئمۇرە جامالوۋا: «ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نامە ژانىرى»، تاشكەنت، 1992 ـ يىلى نەشرى.
27. نۇرغالى سىزدىقبايېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»(رۇسچە)، تاشكەنت، 2006 ـ يىلى.
28. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982 ـ يىلى.
29. غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
30. تۇرسۇن قۇربان تۈركەش: «‹ئون ئىككى مۇقام›دىكى زەلىلىي غەزەللىرى توغرىسىدا»، «بۇلاق»، 2012 ـ يىللىق 2 ـ سان.
31. ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف: «زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2013 ـ يىللىق 6 ـ سان.

(ئاپتور ـــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)



مۇقەددەس ئابدۇكېرىم

# «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان» چۆچەكىدىكى يالغان بايانلار توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجۋى چۆچەكلەر مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەيدۇ، بۇ چۆچەكلەردىكى يالغان بايانلار كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ. جۈملىدىن، «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان»[①] چۆچىكىدىكى يالغان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانلارمۇ ھەم شۇنداق.

چۆچەك باشلىنىشىدىكى تۇنجى بايان: «بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن، قاغا قاراقچى ئىكەن، سىغىزخان يالاقچى ئىكەن، پاقا پوستەكچى ئىكەن، يىلان تۈگمەنچى ئىكەن» بولۇپ، بۇ بايـاندا چۆچەك ئىجادچىلىرى سىمۋول قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈلكە، بۆرە، غاز، ئۆردەك، قاغا، سېغىزخان، پاقا ۋە يىلان قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ چۈشەنچىسىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى يۈكلەپ، قىزىقارلىق مەزمۇن ھاسىل قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرىقى جۈملىدە تەكرارلانغان «ئىكەن» سۆزى شېئىرىي رىتىم ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ھاسىل قىلغان.

بۇ باشلىنىشتىن كېيىن، بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئۆزىگە لايىق تاللاش ئۈچۈن ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ئېيتىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، نۇرغۇنلىغان شاھزادە، خانزادە ۋە بەردەم يىگىتلەر مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالماي جېنىدىن ئايرىلغانلىقى، لېكىن، مەلىكە بولسا دادىسىغا چوقۇم بىر كىشىنىڭ بۇ شەرتنى ئادا قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۈتۈشنى قارار قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئىككى بايان بىرلىكتە چۆچەك باش قەھرىمانىنىڭ سەھنىگە چىقىشى ئۈچۈن تەييارلىق ھازىرلاش رولىنى ئويناپ، چۆچەكتىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا قانات يېيىشىنى مۇكەممەل ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئارقىدىنلا، چۆچەك باش قەھرىمانى گال ئاتلىق يىگىت بىر كەمبەغەل مومايىنىڭ ئوغلى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنتايىن ئۇستىلىق قىلىپ، پادىشاھ ۋە مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ئېيتىش شەرتىنى ئورۇنلاشقا تەمشىلىدۇ. گال يالغانلىرىنى شەرت بويىچە ئۈچ چوڭ بۆلەككە پارچىلاپ ئېيتىشنى باشلايدۇ.

بىرىنچى چوڭ بۆلەك يالغان بايان

«دادامدىن يالغۇز قالغان يېتىممەن. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆلە - ئۆلە، ئاخىر ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۈچىمىز قالدۇق، مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن، لېكىن ئەجەبلەنمەيمەن. بىز ئۈچ بولغاندىن كېيىن ئارىمىزدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك پەيدا بولدى، بىراق بىر - بىرىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتۇق ھەم تونۇشمايتتۇق. شۇ چاغدا ئۈچىمىزغا قارىساق، كىيگەن كىيىملىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئەقلىمىز ھەيران قالدى: بىرىمىزنىڭ ياقىسى يوق، بىرىمىزنىڭ ئېتىكى يوق، يەنە بىرىمىزنىڭ غولى يوق. بىز شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئەما زۇلمەتتە ئۇچرىشار، دېگەندەك، بىر چۆلدىكى سايدا بىر - بىرىمىز بىلەن مۇڭداشساقمۇ ئاڭلىماستىن، بىللە ماڭساقمۇ كۆرمەستىن، يولدا يۈرمەي، چەتكە چىقماي، ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋەردۇق. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئۈچ تەڭگە ئۇچراپ قالدى. كۆزىمىزنى يۇمۇپ قارىساق، بىرىنىڭ تامغىسى يوق، بىرىنىڭ رەڭگى يوق، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى يوق ئىكەن. بۇ ئۈچ تەڭگىنى مۇشتلاشساقمۇ ئەرز قىلىشماي، تەڭ بولمىسىمۇ ياخشى - يامىنىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئادالەت بىلەن بۆلۈشۈۋالدۇق، يەنە مېڭىۋەردۇق، مېڭىۋەردۇق، يول ماڭساقمۇ مىدىرلىماي، سۈيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق...

سۈيى يوق كۆلدە ئۈچ بېلىق ئويناقلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈك، بىرىنىڭ جېنى يوق ئىكەن. بىز ھېلىقى بېلىقلارنى ئېلىپ، ئېتىكى يوقنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ، سايدىن چىقىپ يولغا چۈشتۇق، يولدا ماڭماي، يولدىن چىقماي كېتىۋەردۇق، كېتىۋەردۇق. قارىساق، ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆي كۆرۈندى. بىز شۇ ئۆيلەرگە كەلدۇق. ئىككى ئۆينىڭ تېمى يوق، بىرىنىڭ ئورنى يوق. بىز ئورنى يوق ئۆيگە كىرسەك، ئۈچ قازان تۇرۇپتۇ. قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك، بىرىنىڭ تۇۋى يوق. ئېتىكى يوق ئاكام ئېتىكىدىكى جېنى يوق بېلىقنى ئېلىپ، تۇۋى يوق قازانغا سالدى. بىز ئۇنى پىشۇرماقچى بولۇشتۇق. قارىساق، ئوتۇن يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت ياقماي، ئوتۇننى ئايىماي قالاۋەرسەك، قازان قايىنىماي گۆش پىشىپ، سۆڭىكى مىلىق - مىلىق بولۇپ كېتىپتۇ. يەپ باقساق، ئىسسىقمۇ ئۆتمەپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن دەپ، ئۈچىمىز راسا يېدۇق، يېگەندىمۇ بىر - بىرىمىزنى تەكلىپ قىلىشماستىن يەۋەردۇق. بىراق، يېگەن گۆش قورسىقىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەلمەپتۇ. ئويلىساق، قورسىقىمىز راسا تويۇپ كېتىپتۇ. كەتمەكچى بولدۇق. ئۆيدىن چىقايلى دېيىشىدۇق، ئىشىكتىن پاتمىدۇق. ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئىلاجىنىڭ تولىلىقىدىن تام تۆشۈكىدىن چىقىپ كەتتۇق.

يەنە يول يۈردۇق، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردۇق، يۈرۈۋېرىپ بىر ئېتىزغا چىقىپ قالدۇق. قارىساق، ئۇنمىگەن چىغ تۈۋىدە تۆرەلمىگەن توشقان يېتىپتۇ. شېخى يوق دەرەختىن پۈتمىگەن چوماقنى ئېلىپ، ھېلىقى توشقاننى راسا بىر ئۇرۇۋىدۇق، توشقان جىم يېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ جان بەردى. توشقانغا پىچاق سالماي، قول تەگكۈزمەي سويساق، چىقتى ئون پاتمان گۆش، يىگىرمە پاتمان چاۋىسى، ئالتە ئايدىن بېرى يەۋاتىمىز، ھېلىمۇ بار تەڭ - يارتىسى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاچ قېلىپ، ئاكام مەندىن خاپا بولۇپ، ئۆزى بىلگەن يەرگە كەتتى. يىگىرمە پاتمان چاۋا ياغ ماڭا قالدى. بۇ ياغنىڭ ھەممىسىدە چورۇقۇمنى ياغلىدىم، ياغ چورۇقۇمنىڭ بىرىگە يەتمىدى. خەير، شۇنداق بولدى. ھېرىپتىكەنمەن، ئۇخلاۋاتسام بىر چاغدا جاھان زىلزىلىگە كېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئويغانسام، چورۇقلى-

رىم: «ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق» دەپ گالاچلىتىپ مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ. سۆزۈمگە كۆنمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى. ئىلاج يوق، ئاخىر چورۇقلىرىمنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەر بىرىنى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇپ: «جىم تۇرۇش، ئەمدى ئۇرۇش» دەپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇقۇم، غولى يوق چاپىنىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ، ياغ تەگمىگىنى خاپا بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياغلىغان چورۇقۇمنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەنچۈكنى ھارۋىغا قېتىپ يولغا راۋان بولدۇق. چورۇقۇم ھارۋىنى ھەيدىدى، مەن يول كۆرسەتتىم، شۇنداق قىلىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆيگە ئاسانلا يېتىپ كەلدىم.

مەن ئۆيدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۆيدە بىر موماي، بىر خوراز بار ئىدى، قايتىپ كەلسەم ئۆي يوق، ئۆي بولسىمۇ ئورنى يوق، تېمى بولسىمۇ لېيى يوق، ئەتراپقا قارىسام، ھېچنىمە يوق. ماڭا بۇ تازا تارتقۇلۇق بولدى، ئەمدى ئۆيىنى، مومايىنى، خورازنى نەدىن تاپاي، پادىشاھىم؟!»

بۇ بايانلار مۇبالىغە، سىمۋول بىلەن ئەركىن ۋە مول تەسەۋۋۇر ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، فانتازىيە بىلەن رېئاللىقنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئادەتتە، مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدا، مەلۇم نەرسە ياكى ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى چەكتىن ئاشۇرۇلۇپ، ۋە ياكى مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى، سانى ۋە تۈسى سۈپەتلىنىپ، مۇبالىغە ئۈنۈمىگە ئېرىشىلىدۇ. مەسىلەن: «دادامدىن يالغۇز قالغان يېتىممەن. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆلە - ئۆلە، ئاخىر ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۈچىمىز قالدۇق، مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن، لېكىن ئەجەبلەنمەيمەن.»

بۇ جۈملىدە ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى، ئائىلە قۇرۇشى ۋە ئۆلۈشىدىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيىتى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى ۋە ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار ئەپچىللىك بىلەن مۇبالىغە قىلىنغان. شۇنداقلا، بۇ مۇبالىغىلەر يوشۇرۇن ھالدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قېرىنداشلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىرى بىلەن ئىنساننىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

«سىمۋول دائىم سەنئەتكارلارنىڭ مەلۇم مەسىلە ياكى ئىش - ھەرىكەتلەرگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سىمۋولنىڭ شەكلى بەكرەك يوشۇرۇنلۇق، تۈگەللىك ۋە ئابستراكتلىققا ئىگە بولۇپ، تەسەۋۋۇرغا باي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە بەكرەك ماس كېلىدۇ.»② مەسىلەن، سىمۋول قىلىش ئۇسۇلىدا بولسا، ھەر خىل شەيئىلەرگە ئادەملەرنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرى يۈكلىنىپ، ئۇلارنى ئىنسانىي ئوي-پىكىر ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلدۇرۇپ، ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق قىزىقارلىق فانتازىيە ھاسىل قىلىنىدۇ③. تۆۋەندىكى جۈملە بۇنىڭ روشەن مىسالى بولالايدۇ. «ئويغانسام چورۇقلىرىم: ‹ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق› دەپ گالاچلىتىپ مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ، سۆزۈمگە كۆنمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى.» بۇ جۈملىدە، «مەن»نىڭ چورۇقلىرى ئىنسانلارغا ئوخشاش سۆزلەش، ئاڭلاش بىلەن ھېسسىي ۋە ئەقلىي چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولسا ئىنسانلارغا ئوخشاش ماددىي بۇيۇم تالىشىپ ئۇرۇشقان، ھەتتا ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئارىغا كىرىپ ماجرانى توختىتىشقا ئۇرۇنىشىمۇ ماددىي مەنپەئەتنىڭ ئازدۇرۇشى ئالدىدا ھېچ كارغا كەلمىگەن. بۇ سىمۋول يوشۇرۇن ھالدا «مەن»نىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ رەزىل ئىچكى ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئېچىپ بەرگەن.

سۇژېت پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىكى بىر

قاتار تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ جەريانى بولۇپ، يۇقىرىقى بۆلەك بايانىنىڭ سۈژىتىدا، ۋەقەلىك بىر لىنىيە بويىچە ئۇدۇل تەرەققىي قىلىپ ماڭىدىغان ھەمدە ۋەقەلىكلەر ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىگە بويسۇنغان ھالدا، ئۆزئارا سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىپ تەكشى قانات يايدىغان زەنجىرسىمان شەكىل قوللىنىلغان[4]. مەسىلەن، «مەن»نىڭ دادىسىدىن يېتىم قېلىشى، «مەن» قاتارلىق ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ سەپەرگە چىقىشى، يولدا تەڭگە تېپىۋېلىشى، بېلىق تۇتۇپ يېيىشى، توشقان ئۇۋلاپ يېيىشى، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئايرىلىشى، «مەن»نىڭ چورۇقلىرىنىڭ ئورۇشىشى ۋە «مەن»نىڭ ئۆيگە قايتىشى قاتارلىق ۋەقەلەر زەنجىرسىمان شەكىلدە قانات يايغان.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، يۇقىرىقى ۋەقەلىكلەرنىڭ سۈژىتى كىرىشتۈرمە شەكىلنى قوللانغان دېسەكمۇ بولىدۇ. يەنى، بۇ ۋەقەلىكلەر «مەن»قاتارلىق ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ سەپەرگە چىقىشىدىن ئىبارەت بىر ئالاھىدە مۇھىم لىنىيەدىن باشقا يەنە يولدا تەڭگە تېپىۋېلىشى، بېلىق تۇتۇپ يېيىشى، توشقان ئۇۋلاپ يېيىشى، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئايرىلىشى، «مەن»نىڭ چورۇقلىرىنىڭ ئورۇشۇشى ۋە «مەن»نىڭ ئۆيگە قايتىشى قاتارلىق قوشۇمچە لىنىيەلەرگە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئاجايىپ - غارايىپ ۋە ئەگرى - توقاي تۈسنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇ ۋەقەلىكلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ بولغان[5].

بۇ بايانىدىكى ۋەقەلىك بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بايان قىلغۇچى دەل باش پېرسوناژ گالىنىڭ ئۆزى بولغاچقا، ئۇنىڭ چىن يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. بۇ بايانلارنىڭ تىلى ئاددىي، جانلىق ۋە ئىخچام بولۇپ، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە شېئىرىي ئاھاڭغا ئىگە. بۇ تىل خەلقنىڭ ئاغراكى تىلى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كەلگەچكە، «مەن»نىڭ ھېسسىياتىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. گەرچە، بۇنىڭدا ئاغزاكى تىلنىڭ ساددىلىقى ۋە ئېنىقلىقى روشەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزاكى تىلنىڭ بەزى قوپال تەركىبلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تىل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ھەقىقىي ئەدەبىي تىل[6]. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ بايان تىلى يەنە مول شېئىرىي پۇراققا ئىگە. بايان تىلىدىكى شېئىرىي رىتىم، بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن تۈرلۈك قاپىيەلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى، مۇبالىغە قىلىنغان ۋە تەكرارلانغان ھەر خىل سۈپەت ۋە ھالەتلەر كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ھاسىل قىلغان بولۇپ، بايان قىلغۇچىنىڭ تولۇپ تاشقان لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە تىلىدىكى بۇ خىل شېئىرىي كەيپىيات ۋە توسقۇنسىز ھېسسىيات، ئاڭلىغۇچىنى ئىختىيارسىز ھالدا «مەن» نىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىگە ئېلىپ كىرگەن.

ئىككىنچى چوڭ بۆلەك يالغان بايان

«تەقسىر ئاڭلاۋاتىلا، موماي يوق، خورازمۇ يوق، چورۇقۇمنىڭ بىرى تېخى يوق. بۆلارسىز ياشىماق تېخى تەس. شۇڭا، دېمىم ئىچىمگە چۈشتى، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. خەير دېدىم، موماي، خوراز، چورۇقنى يەنە بىر ئىزدىدىم. ماڭدىم، مېڭىۋەردىم، ئورنۇمدا قېلىۋەردىم. شۇنداق قىلىپ، بىر قىشلاققا يەتتىم. خورىزىم شۇ قىشلاقتا بىر بايغا ئىشلەۋېتىپتۇ. باينىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى پەقەت شۇ خوراز بىلەن مېڭىۋېتىپتۇ. خورىزىم بىلەن كۆرۈشتۇم، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتۇم. بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇقكى، كۆرۈشە كۆرۈشمەي يىغلىشىپ كېتىپتۇق. خورىزىم بايغا ئالتە ئاي كېچە - كۈندۈز ئىشلەپتۇ. خورازنى ئەكېتىش ئۈچۈن باي بىلەن سۆزلەشتىم، بولمىدى، سوقۇشتۇم، بولمىدى. بايغا بۇ ئىشلار ئەرمەك بولدى، ئاخىر ھەققىگە بىر جۇۋالدۇرۇز بەرمەك بولدى. باي بۇنىڭغىمۇ ئاسان كۆنمىدى. جۇۋالدۇرۇزنى ئالغىنىمغا خۇش بولدۇم، خۇش بولۇپ، يەنە يولغا چىقماق بولدۇم، لېكىن خورىزىم ئۇنى-

مدى، ئۇ يەنە ئۈچ ئاي ئىشلەپ، ئاندىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ قايتماق بولدى. مەن جۇۋالدۇرۇزنى ئېلىپ خۇرجۇنۇمغا سېلىپ، خورىزىمغا خەير دەپ، ئارقامدىن تېز كەل دەپ، يەنە يولغا راۋان بولدۇم. موماي بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزدەپ كېتىۋەردىم، كېتىۋەردىم، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۈتۈن ئالەمگە قارىدىم، كۆرۈنمىدى. ئاخىر بىر قېلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ قارىسام، يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەتتە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، بىر كىچىك ئۆستەڭ بويىدا موماي كىر يۇيۇپ ئولتۇرۇپتۇ، بېرىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ: «كېتەيلى ئانا، يۈر» دېسەم، «بايغا ئىشلىگىلى ئالتە ئاي بولدى، توققۇز ئاي بولغاندا ھەق بەرمەكچى، ھەققىمنى ئالماي كەتمەيمەن» دەپ ئۈنمىدى. مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدىم، ئۇسساپ كەتكىنىمگە ئۈچ كۈن بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ قايناپ تۇرغان بىر چاغ ئىدى. مەن دەريا بويىغا بارسام، سۈيى غاچچىدە توڭلاپ كېتىپتۇ، مۇزنى چېقىشقا تاش تاپالماي، بېشىمنى قولىقىمدىن تۇتۇپ بىر قويغانىدىم، مۇز يېرىلدى، سۇنى راسا ئىچتىم، ئۇسسۇزلۇقۇم قېنىپ، يەنە يولغا چۈشتۇم. بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قارىسام، بېشىمنىڭ تېگى يوق، ئويلىسام دەريادا قاپتۇ، جۇۋالدۇرۇزغا قارىسام، ئۇنىڭ بىسى يوق. شۇنىڭ بىلەن «ئاپلا» دېدىم ـ دە، بېشىمنى تېپىشنى ئۇنتۇپ مومايىنى ئالغىلى باردىم. ۋاقىت ئۈچ ئايغا توشقانىدى. موماي يوق، سۈرۈشتۈرسەم، ئىش ھەققىنى ئالماقچى بولغىنىدا باي مومايغا تۆھمەت توقۇپ، ئۇنى دەسسەپ ئۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.»

بۇ بايان ھەرخىل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، يوشۇرۇن ھالدا «مەن»نىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، باياندىكى ۋەقەلىكلەر مەقسەتلىك ھالدا كىشىلەرنىڭ كەڭ تەبىئەت قوينىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشىشىغا ئوخشاش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. دېمەك، بۇ ئۈچ چوڭ بۆلەك يالغان باياندا ئوتتۇرىغا چىققان بايانلار بىزگە «مەن» ياشىغان زامان ۋە ماكاندىكى ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ يارقىن كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە بىزنى شۇ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ باياندا، «مەن»نىڭ موماي، خوراز ۋە چورۇقنى ئىزدىشى ۋەقەلىكىنىڭ غول لىنىيەسى بولۇپ، «مەن» بۇ جەرياندا دەسلەپ بايغا ئىشلەۋاتقان خوراز بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىش، ئارقىدىن يەنە زالىم بايغا ياللانغان مومايىنى ئىزدەپ تېپىش، ئاندىن موماي بىلەن ئىش ھەققىنى ئالىدىغان ۋاقىت توشقۇچە ۋاقىتلىق ئايرىلىش، كېيىن باينىڭ مومايىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدەك ۋەقەلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەگرى توقاي ۋەقەلىكلەر قەدەممۇ قەدەم «مەن»، خوراز، موماي بىلەن باي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ئاخىر زالىم باينىڭ مومايىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بىلەن ئاياغلاشقان.

بۇ باياندا ئاساسلىقى، «مەن»، «مەن»نىڭ ئانىسى، «مەن»نىڭ خورىزى ۋە باي ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، «مەن» بىلەن «مەن»نىڭ ئانىسى ۋە خورىزى ئارىسىدىكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەمدە ئاچ كۆز، زالىم ۋە قانخور باينىڭ «مەن»نىڭ ئانىسى ۋە خورىزىنى بەكارغا ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلىتىپ، ھەققىنى بېرىش تۈگۈل يەنە ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئاچ كۆز بايلارنىڭ ئاجىز ـ كەمبەغەل كىشىلەرنى بوزەك قىلىپ بايلىق توپلايدىغانلىقى، ھەتتا مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قان تۆكۈشتىن يانمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت رەزىل قىلمىشلىرى پاش قىلىنىپ، قاتتىق سۆكۈلگەن ھەمدە بۇ قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە بولغان قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى چولڭ بۆلەك يالغان بايان

«مومايىنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ياقىسىدىن سۆرەپ، شەرىئەتكە ئېلىپ باردىم. شەرىئەت ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ، مومايىنىڭ خۇنىغا بىر ئېشەك بۇيرۇپ، «شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قەرز، ئادا قىلىش پەرز» دەپ يولغا سالدى. موماي ئۈچۈن يىغلاپ، نائىلاج ئېشەكنى مىندىم ــ دە، يولغا چىقتىم. كەڭ دەشت ــ باياۋاندا كېتىۋاتسام، قىرىق كارۋان ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ: «ھەي گال، ئېشىكىڭ يېغىر بولۇپ قاپتۇ، باشقىدىن توقۇۋال» دېدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ قارىسام، راستىلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ ساقايتارمەن دەپ، كارۋانلاردىن سورىسام، كۆيدۈرۈپ باسقىن دەپ، بىر دانە ياڭاق بەردى. ياڭاقنى كۆيدۈرۈپ بېسىۋىدىم، بىردىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى، ھەش ــ پەش دېگۈچە كۆكلەپ، چېچەكلەپ كەتتى، ياڭاقلىرى پىشىپ قالدى. ئېشەك ياڭاقنى كۆتۈرەلمەي بېلى ئېگىلىپ، قورسىقى يەرگە يەتتى. مەن ياڭاقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېشەكنى يېتىلەپ شۇدىگەرلىككە ئېلىپ باردىم. كۈچۈمنىڭ بارىچە ياڭاققا چالما ئېتىشقا باشلىدىم، لېكىن بىر تالمۇ ياڭاق چۈشمىدى. شۇنچىۋالا ياڭاقتىن بىرەرى چۈشمىگىنىگە ئىچىم پۇشۇپ، ئاستا ئاۋايلاپ ياڭاقنىڭ تۆپىسىگە چىقتىم. قارىسام، ياڭاقنىڭ ھەممىسىنى شور باغلاپ كېتىپتۇ. شاختىن ــ شاخقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرسەم، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈستى ئېتىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىر تەرىپىدە بىر ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ، بىر تەرىپىدە تاۋۇز تېرىلغان ئېتىز تۇرۇپتۇ. مەن تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۈم. پېلەكلەردىن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى، نېمىسىنى دەيلا، بىردەمدە ھەممىسى شالاقلاپ پىشتى. مەن بىر كۆڭنى پىچىپ يەي دەپ، بىر تاۋۇزنى ئۈزدۈم، پىچاقنى شۇنداق سېلىشىمغا تاۋۇز تاراسلاپ يېرىلىپ، پىچاق تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پىچاقنى ئالاي دەپ، تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم. قارىسام، پىچاق ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، ئىزدەپ تاپالماي يۈرسەم، بىر ئادەم ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن:

ــــ ئاكا، پىچاق كۆردىڭىزمۇ؟ ــــ دېسەم، ئۇ ئادەم:

ــــ ئاۋۋال سەن ماڭا جاۋاب بەر، ئەسلىدە بىز قىرىق كارۋان ئىدۇق، ھەر بىرىمىزدە قىرىقتىن ئۇلاغ بار ئىدى، يوقىتىپ قويۇپ تاپالماي ۋاتىمىز، كۆردۈڭمۇ؟ ــــ دەپ مېنىڭدىن سورىدى.»

بۇ بايانلاردا ئاساسلىقى «مەن»نىڭ مومايىنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بايىنى شەرىئەتكە سۆرەپ بارغانلىقى، لېكىن شەرىئەتنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقارمىغانلىقىدىن ئىبارەت بايانلار ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى بەزى ئادالەتسىز بەگلەر ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىنىغان.

بۇ چۆچەك گال ئاتلىق يىگىتنىڭ ئوڭشۇشلۇق ھالدا ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ئېيتىش شەرتىنى ئادا قىلىپ، مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقان. دېمەك، چۆچەك ئىجادچىلىرى ئاخىرىدا تېپىك كەمبەغەل يىگىتنىڭ قورقماس جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ، مەلىكىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك ئارقىلىق، ئادالەت تۇغىنى ئېگىز تىكلىگەن.

بۇ ئۈچ بۆلەك يالغان بايان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ چۆچەك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئەگەر بۇ يالغان بايانلار چۆچەكتىن چىقىرىپ تاشلانسا، ئۇ چاغدا چۆچەك ئۆزىنىڭ ئەسلىي جەلپكارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ يالغان بايانلار مۇبالىغە ۋە سىمۋول قىلىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، فانتازىيە بىلەن رېئاللىقنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەپچىل بىرلەشتۈرگەن. بۇ بايانلارنىڭ تىلى ئاددىي، جانلىق ۋە ئىخچام، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك شېئىرىي ئاھاڭغا ئىگە. بايانلارنىڭ مەزمۇنى بولسا ئىنتايىن مول بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئادالەتسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، زالىملىق ۋە شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان تەرىپى

ئۈستىدىن چوڭقۇر شىكايەت قىلغان. بۇ يالغان بايانلار پۈتۈن چۆچەككە بىر قەۋەت ھەم قىزىقارلىق ھەم كىنايە تۈسىنى قوشۇش ئارقىلىق، بۇ چۆچەكنى ئالاھىدە جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان ھەمدە خەلقنىڭ چىن ئىنسانىي ھېسسىياتلىرى ۋە ئاھۇزارىنى ۋاستىلىك ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن، بۇ بايانلارنىڭ كۆڭۈلگە ئۈزگىچە ھۇزۇر بېغىشلاش رولىدىن باشقا، يەنە زور تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھاتلار:
① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (20 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ، 50 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.
② لى چى: « سەنئەتنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى»، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قاراڭ.
③ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، 329 ـ بەتكە قاراڭ.
④ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، 332 ـ بەتكە قاراڭ.
⑤ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، 334 ـ بەتكە قاراڭ.
⑥ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، 339 ـ، 340 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)



ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «سارماچۇق»① قا دائىر بايانلار

«سارماچۇق»، يەنى قۇشقاچ تىلى ئاش — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەشھۇر تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىچىشلىكلىكى، سىڭىشلىكلىكى، قۇۋۋەتلىكلىكى، ھېرىپ - چارچىغاندا ھاردۇق چىقىرىدىغانلىقى ۋە كېسەللەرگە ئېتىپ بېرىلىدىغان ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن خەلقىمىز تۇرمۇشىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. «سارماچۇق» يەنى قۇشقاچ تىلى ئاش قەدىمدە ياكى ھازىرقى دەۋردە بولسۇن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غىزا - تائام جەھەتتىكى ئاناتومىيەلىك تەلىپىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ ئۆزۈكسىز ياخشىلىنىشىدا جۇملىدىن، بەدەن سۈپىتى، ئەقلىي ھەم جىسمانىي ئىقتىدارى، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ھەم قەددى - قامىتىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە پائال رول ئويناپ كەلگەن.

## 1. «دىۋان» دىكى «سارماچۇق» (قۇشقاچ تىلى ئاش) قا دائىر بايانلار

مەلۇمكى، مىڭ يىللار ئىلگىرى پۈتۈلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ)دا «سارماچۇق»، يەنى قۇشقاچ تىلى ئېشى دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن سۇيۇق - سەلەڭ ئاشلار تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئېپتىدائىي بوستانلىق ۋادىلاردا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجداد - ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى غىزالىرىمىزدىن بىرى. ھازىرقى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى دائىملىق غىزا قۇشقاچ تىلى ئېشى بولسا، بۇنىڭ خېمىرى ئادەتتىكىدەك يۇغۇرۇلۇپ، چۆپى كېسىلگەندە قۇشقاچ تىلى ياكى سوقا تۆت بۇرجەك كەلگەچكە شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇنداق كېسىپ ئېتىلگەن ئاش يەنە خورۇچلىرىغا قاراپ، خام قىيما قىلىپ ياكى قورۇپ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېتىلىدۇ.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 20 خىلدىن كۆپرەك ئېسىل تائام - سۇيۇقئاشلىرىمىزنىڭ بەزىسىنىڭ نامى «دىۋان»دا ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

1) sarmaquk (سارماچۇق): قۇشقاچ تىلى ئاش، سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت

① سارماچۇق — قۇشقاچ تىلى ئاش.

چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ (2008 ـ يىلى نەشرى، تېكىست 399 ـ بەت).

2) ügrə (ئۈگرە): ئۈگرە سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىك بولىدۇ (2008 ـ يىلى نەشرى، تېكىست 107 ـ بەت).

3) *kiyma ügrə* (قىيما ئۈگرە): سۇيۇقئاشنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭ خېمىرى قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىلىدۇ (2008 ـ يىلى نەشرى، تېكىست 820 ـ بەت).

4) qəp (چۆپ): چۆپ. كەسمە چۆپ (2008 ـ يىلى نەشرى، تېكىست 244 ـ بەت).

5) tutmaq (تۇتماچ): چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تائاملىرىنىڭ بىرى (2008 ـ يىلى نەشرى، تېكىست 345 ـ بەت) قاتارلىقلار.

بىز فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، سۇيۇقئاشنىڭ ئەجدادلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، هازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا سۇيۇقئاش مېهمان هۆرمىتىگە پولۇ، شورپا، كاۋاپ، پېتىر مانتا قاتارلىقلاردەك ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان هۆرمەتكە سازاۋەر كاتتا تائاملار سانالمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ هاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتىها ئاچىدىغان، مىزاج تەڭشەيدىغان، تەرلىتىدىغان، كېسەللىكلەرگە غىزائى داۋا بولىدىغان، ئاسان سىڭىدىغان، خۇرۇچلىرى ئاددىي، ئاسان تەييارلىنىدىغان بىر قاتار خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلقىمىز ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان سۇيۇق ـ سەلەڭ تائام ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

سۇيۇقئاش ــ بۇغداي، تېرىق، قوناق، چۈجگۈن قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ، ئېهتىياجغا قاراپ هەرخىل كېسىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن چۆپلەرنى توغرالغان كۆكتات، گۆش ۋە باشقا خۇرۇچلار بىلەن بىللە سۇدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان سۇيۇق ـ سەلەڭ تائاملارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، ئۈگرە ــ گۆش ياكى سۆڭەك شورپىسىدا چۆپى ناهايىتى ئىنچىكە كېسىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاشقا قارىتىپ ئېيتىلغان. ئۇنىڭ «خام قىيما ئۈگرە»مۇ دېيىلىشى گۆش قىيما قىلىنىپ، پىياز قىيمىسى ۋە دورا ـ دەرمان بىلەن مىجىپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قازانغا سېلىپ شورپىدا 20 ـ 30 مىنۇت قاينىتىلىپلا چۆپ سېلىپ ئېتىلىدىغانلىقىغا قارىتىلغان؛ قورۇما ئۈگرە بولسا، گۆش، چامغۇر ياكى بەرەڭگە، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن قورۇلۇپ ئېتىلگەن ئۈگرىگە قارىتىلغان؛ قۇشقاچ تىلى سۇيۇقئېشى بولسا، بۇنىڭ خېمىرى ئادەتتىكىدەك يۇغۇرۇلۇپ، چۆپى كېسىلگەندە قۇشقاچ تىلى ياكى سوقا تۆت بۇرجەك كەلگەچكە شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇنداق كېسىپ ئېتىلگەن ئاش يەنە خۇرۇچلىرىغا قاراپ خام قىيما قىلىپ ياكى قورۇپ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېتىلىدۇ.

سۇيۇقئاش ــ قەدىمكى تارىم، تەكلىماكان، قۇمۇل ـ تۇرپان ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلار يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇغداي، تېرىق، چۈجگۈن قاتارلىق ئۇنلۇق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرگەن زامانلاردىن تارتىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن هەمدە بۇغداي، تېرىق، چۈجگۈنلەرنىڭ ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدىغان ئەڭ قەدىمكى غىزا ـ تائاملىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ، چۆپىنىڭ شەكلى ۋە ئېتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۈگرە، خام قىيما، قورۇما ئۈگرە، كەسمە ئۈگرە، قۇشقاچ تىلى كەسمە، ئۈزۈپ تاشلاپ سۇيۇقئاش، پوستلاق ئاش، هاردۇق ئېشى، غىزايى داۋا ئاش دېگەندەك نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ.

سۇيۇقئاش ــ قەدىمكى تارىملىقلار، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتمەك نان، چۆپ، ئوماچ قاتارلىقلارغا ئوخ-

شاش ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى تائاملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا سۇيۇقئاشنىڭ ئۇگرە، قۇشقاچ تىلى كەسمە، كەسمە قاتارلىق تۈرلىرى ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، «دىۋان»نىڭ 107 - بېتىدە « اُكرا » دەپ خاتىرىلىنىپ، «ئۇگرە سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلانسا، «سارماچۇق» سۆزى «قۇشقاچ تىلى ئاش» دەپ ئىزاھلىنىش بىلەن بىرگە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن دەۋردىلا سارماچۇقنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

2. «سارماچۇق» (قۇشقاچ تىلى ئاش)قا دائىر ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلار

قەدىمكى «سارماچۇق» نىڭ ماددىي ئاساسى بولغان بۇغداي، تېرىق، ئارپا قاتارلىق ئۈنلۈق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش، بۇنى يارغۇنچاق ۋە تۈگمەنلەردە تارتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرۇش، ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇپ، چۆپ (سارماچۇق — قۇشقاچ تىلى چۆپ) كېسىپ، سۇيۇق - سەلەڭ ئاش ئېتىپ ئىچىش ۋە نان يېقىپ يېيىش، تارىم - تەكلىماكان ئاھالىلىرى ھاياتىدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەن. ئارخېئولوگلارمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن 8000 - 2000 يىللار بۇرۇنقى چاغلار ئەتراپىدىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ياكى بۇنىڭدىن 6 - 7 مىڭ يىللار بۇرۇن شىنجاڭدا ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا تاش يارغۇنچاقلارمۇ مەيدانغا كەلگەن»[1] دەپ يەكۈنلىگەن.

دىيارىمىز ئارخېئولوگىيەسىدە سۇيۇق - سەلەڭ ئاش بولغان سارماچۇق ۋە نان - توقاچلارمۇ بايقالدى. مەسىلەن، 1991 - يىلى قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 151 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 3000 - 3200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە خاس تېرىق توقچى قېزىۋېلىندى، 1996 - يىلى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى 1 - نومۇر قەبرىستانلىقىدىن 3000 - 2500 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە خاس ئالتە دانە تېرىق توقچى قېزىۋېلىندى، 1995 - يىلى خوتەندىكى نىيە خارابىسىدىن تېرىق توقچى قېزىۋېلىندى، 1995 - يىلى لوپنور ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 3000 يىللار ئالدى - كەينىگە خاس نان - توقاچلار ۋە شۇ جايدىكى 8 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قاتلىمىلار قېزىۋېلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تۆكۈچە (چەككۈچ) بېسىلغان قاتلىما، نان، پوشكال، بەنشە، گۈل بېسىلغان نەچچە يۈز دانە پېچىنە - پىرەنىكلەر تېپىلغان (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نان - توقاچ، پىرەنىكلەرنىڭ رەڭدار فوتو سۈرىتى، ئى. يۈسۈپ بىلەن ئە. قاسىملار يازغان «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا ۋە ئىچكىگە بېرىلگەن).

سارماچۇق يەنى قۇشقاچ تىلى ئاش — خېمىرىنى نېپىز يېيىپ، ئۇنى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىپ، توغرالغان كۆكتات، گۆش ۋە ھەرخىل خۇرۇچلار بىلەن بىللە سۇدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان سۇيۇق - سەلەڭ ئاشتىن ئىبارەت. ئاسان سىڭىدىغان، ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان ۋە كېسەلگە شىپا بولىدىغان بۇ غىزا ئەجدادلىرىمىز تاكى بۇغداي، تېرىق تېرىپ، ئۇن تارتىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ سۇيۇق - سەلەڭ ئاش ئېتىپ ئىچىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان تۆت مىڭ يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئىزچىل رەۋىشتە ئەنئەنىۋى ئائىلە كەچلىك غىزاسى بولۇپ كەلگەنلىكى روشەن تارىخىي پاكىت. مەسىلەن، 1999 - يىلى 10 - ئايدا ئارخېئولوگلار لوپنور ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، ئەر - ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان M8 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ دانە يۇمىلاق ياغاچ تاۋاق تېپىلغان. جەسەتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان بۇ تاۋاقنىڭ بىر-

سىگە قوينىڭ بېشى ۋە گۆشلىرى ئېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە تۆت قات كەلگەن قاتلىما نان قويۇلغان؛ يەنە بىر تاۋاقتا جىگدە ۋە قىيمىلىق تاماق (پۆرە) قويۇلغان. ئۇنىڭ خېمىرى نېپىز يېيىلغان، بىراق ئۈچ مىڭ يىللاردىن بۇيان يەر ئاستىدا تۇرغاچقا، يېيىلغان خېمىر خۇددى كەسكەن چۆپتەك ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتكەن. ئەمما قىيمىلىق تاماق ئاستىدا ئەسلىدە سۇيۇقئاش چۆپىنىڭ بار ـ يوقلۇقى تېخى ئايرىپ چىقىلمىغان.

1996ـ يىلى، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بارغاندا، 1 ـ، 2 ـ ۋە 72 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەردىن نان ـ توقاچ، گۆش، قورۇق ئۈزۈم، نېپىز يېيىلغان خېمىردا قىلىنغان تائام (سۇيۇقئاش چۆپلىرى) قاتارلىقلار تېپىلغان. يەنە قومۇلدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقى، چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، لوپنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقى، نىيە خارابىسىدىكى 95 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقى قاتارلىق 3000 ـ 2000 يىللىق تارىخىمىزغا شاھىت بولغۇچى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن ئۇندىن ۋە يېيىلغان خېمىردىن قىلىنغان ئاش چۆپىدەك يېمەكلىكلەر تېپىلغان.

1992ـ يىلى، پىچان ناھىيەسىنىڭ سۇ بېشى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 11 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ساپال ھېجىرغا ئۇسسۇپ قويۇلغان قورۇپ كەتكەن سۇيۇقئاش چۆپى (تېرىق ئۇنىدا يۇغۇرۇلغان) قېزىۋېلىنغان[2]. بۇنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ 300 يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

1968ـ يىلى، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 104 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر ياغاچ ئاياق ئىچىدىن قورۇپ كەتكەن ئۈگرە ئاش قالدۇقى بايقالغان.[3] تاماق قالدۇقىدىن قارىغاندا، ئۈگرىنىڭ چۆپى سەل قېلىن بولۇپ، قىسقا كېسىلگەن، ئىشلەتكەن ئۇنى ناھايىتى يۇمشاق تارتىلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىكى بەزى قەبرىلەردىن يەنە سۇيۇق ـ سەلەڭ تائام (ئۈگرە، قوشقاچ تىلى ئېشى ۋە باشقا سۇيۇقئاش) قالدۇقلىرى بار ساپال ۋە ياغاچ قاچىلارمۇ تېپىلغان. بۇ ئەلۋەتتە نەچچە ئەسىر ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ قاچىلارغا ئۇسسۇپ قويغان سارماچۇق، يەنى ئۈگرە قاتارلىق سۇيۇقئاشلارنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان نەق ماددىي ئىسپاتلار.

ئەمدى سۇيۇقئاشنىڭ ماددىي ئاساسى ھەم خام ئەشياسى بولغان بۇغداي، تېرىقلارغا كەلسەك، لاتاپەتلىك ئانىمىز كىرۇران گۈزىلى ياتقان 3800 ـ 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس ئۆردەكلىك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ھەمدە 2002 ـ يىلى قېزىپ تەكشۈرۈلگەن 4000 يىلدىنمۇ ئىلگىرى دەۋرلەرگە خاس قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن بۇغداي ۋە تېرىقلار قېزىۋېلىنغان. يەنە خوتەن، كۇچا، بۈگۈر، تۇرپان، قومۇللاردىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرگە خاس قەدىمكى قەبرىلەردىمۇ بۇغداي، تېرىقلار قېزىۋېلىنغان. دېمەك، مۇشۇ دەۋرلەردىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز بۇغداي ۋە تېرىق تېرىپ، ئۇنىڭ ئۇنىدىن سۇيۇقئاش ئېتىپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 16 ـ بېتىگە بېسىلغان «2400 يىل ئىلگىرىكى سۇيۇقئاش» (2400年前的面条) دېگەن ماقالىدە، قەدىمكى ئاتا ـ ئانىمىز سۇيۇقئاشنىڭ بايقىلىش جەريانى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان ھەمدە ئۇنى پىچاندا ياشاپ كەلگەن يەرلىك خەلقنىڭ دائىملىق ئىستېمال قىلىدىغان لەغمىنى (拉条子) ئىدى، دەپ قارىغان.

1992ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيەسى تۇيۇق يېزىسى سۇ بېشى كەنتىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، بۇ جايدا بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 11 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ساپال ھېجىرغا ئۇسسۇپ قويۇلغان قورۇپ كەتكەن سۇيۇقئاش چۆپىنى بايقىغان. سۇيۇقئاش تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان بولۇپ، چۆپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.8 سانتىمېتىر

ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ شۇ چاغدا ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرغان.

2011 - يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەن - تېخنىكا تارىخى ۋە پەن - تېخنىكا ئار-
خېئولوگىيەسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى جاڭ خۇيمىن بىلەن ياڭ لىمىن ئەپەندىلەر يېتەكلىگەن ئاس-
پىرانت گۇڭ يېۋېن يازغان «شىنجاڭ سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان سۆيۈكئاشنىڭ ياسىلىش ھۈ-
نەر - سەنئىتى ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىسى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي»
ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇردى. ئىنسانىيەت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيە-
تى تارىخىدىكى بۇ زور بايقىلىش 2011 - يىللىق دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىدىكى ئون چوڭ ئارخېئولوگى-
يەلىك بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

1992 - يىلىدىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان
شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لۈ ئېنگونىڭ
قېزىش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، سۆيۈكئاش بايقالغان بۇ قەدىمكى قەبرىگە 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر
بىلەن بىر ئايال دەپنە قىلىنغان، ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن ساپال قاچا، ياغاچ، تۆمۈر، تاشتىن ياسالغان
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەرخىل يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى تېپىلغان.
قەبرىدە ياتقان ئەر - ئايال 2400 يىللار ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ياشىغان يەرلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا
قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان - ئىشتان كىيدۈرۈلگەن، باشلىرىغا ئۈچلۈق تۇماق كىيدۈرۈلگەن. بۇ
قەبرىگە قويۇلغان ساپال قاچىلارغا تېرىق، پىشلاق قاتارلىق يېمەكلىكلەر قويۇلغان. ئارخېئولوگلار قەبرە
ئىچىنى تازىلاۋاتقاندا، تەتقىقاتچى لۈ ئېنگو ئەپەندى ئويلىمىغان يەردىن ساپال تاۋاقتا 2400 يىللار ئىل-
گىرى ئۇسۇپ قويۇلغان سۆيۈكئاشنى بايقىغان، ئارخېئولوگلار بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشقان. قۇرۇپ كەت-
كەن سۆيۈكئاشنىڭ چۆپلىرى سۇنۇپ قىسقىراپ كەتكەن. كېيىن تېخنىكىلىق تەكشۈرگەندە سۆيۈكئاش
چۆپىنىڭ تېرىق ۋە بۇغداي ئۇنىدا يۇغۇرۇلغانلىقى ۋە پىچاقتا تەكشى قىلىپ كېسىلگەنلىكى مەلۇم بول-
غان. ئارخېئولوگ لۈ ئېنگو بۇ سۆيۈكئاش «قەدىمكى سۇ بېشىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ دائىملىق ئىستې-
مال قىلىدىغان لەڭمىنى ئىدى»، دەپ قارىغان.④

2008 - يىلى، كورىيەدىكى بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تۇرپاندىن تېپىلغان 2400 يىللار ئىلگى-
رىكى دەۋرلەرگە خاس سۆيۈكئاشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىققان ھەم شىنجاڭغا مەخسۇس
ئوپېراتور ئەۋەتىپ بۇ قەدىمكى «لەڭمەن»نى فىلىمگە ئالغان. كورىيەلىكلەر ئۇنى «لەڭمەن» دەپ ئاتىغان،
شۇنىڭ بىلەن ئارخېئولوگلارمۇ ئۇنى لەڭمەن (拉条子) دەپ ئاتاشقان.

تەتقىقاتچى لۈ ئېنگو بۇ قەدىمكى «لەڭمەن» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «لەڭمەن (سۆيۈك-
ئاش)نىڭ بايقىلىشى، 2400 - 2500 يىللار ئىلگىرى سۇ بېشى ئەتراپىدا ياشىغان يەرلىك خەلقنىڭ يې-
مەك - ئىچمەك ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، سۆيۈكئاشنىڭ بۇ جايدىن باي-
قىلىشى، 2400 يىللار ئىلگىرى بۇ جايدا ياشىغان يەرلىك خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى تەتقىق
قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سۆيۈكئاشنىڭ بۇ جايدىن بايقىلىشى، 2400 يىللار ئىلگىرى بۇ
جايدا ياشىغان يەرلىك كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدىلا ئۇنلۇق زىرائەتلەرنى تېرىپ، تېرىق، بۇغداي ئۇنىدىن
سۆيۈكئاش ئېتىپ ئىستېمال قىلىش تېخنىكىسىنى ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ. سۆيۈكئاش بايقالغان بۇ قەبرىدىن يەنە بىر قاچىغا قويۇپ قويۇلغان نان بايقالدى. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ
نان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە».

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىگە ئا-
ساسلانغاندا، تارىم - تەكلىماكان، قومۇل - تۇرپان ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلار يېڭى تاش قو-

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

راللار دەۋرىدىن تارتىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چوجگون قاتارلىقلارنى، مايلىق دان زىرائەتلىرىدىن قىچا، زىغىر، كونجۇت قاتارلىقلارنى ۋە ھەرخىل پۇرچاق تۈرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى قىلغان. بۇ ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى قول ماددىي ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەلۇمكى، يېمەك - ئىچمەك ئادەتتە مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ. مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىقتىسادىي فورماتسىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەرنىڭ ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوزۇقلۇق تەييارلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئىنسانلاردا مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ ئوتتىن پايدىلىنىش مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىكىنى ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر بىلەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ياكى تاغلىق رايوندا ياشىغانلار بىلەن تۈزلەڭلىك رايوندا ياشىغانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى ئوخشىمىغاچقا، ئاساسى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك قۇرۇلمىسىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا گۆش، ياغ ۋە سۈت، قايماق، قۇرت قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تائاملار قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ، دانلىق زىرائەت، كۆكتات، مېۋە - چىۋە قاتارلىقلارنى قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىدۇ. ئەمما دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر دانلىق زىرائەت، كۆكتات، مېۋە - چىۋە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ، گۆش، سۈت قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىدۇ.

دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بايقىلىشىدىن مەلۇمكى، تارىم - تەكلىماكان، تۇرپان - قۇمۇل ۋادىلىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان قەدىمكى ئەجدادلار ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە گۆش قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تائاملار قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ، دانلىق زىرائەتلەر، مېۋە - چىۋىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويغان. دېھقانچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مىلادىيەدىن 1000 - 1500 يىللار ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان دەۋردىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان جايلاردىكى ئاھالىلەر ئاشلىق، كۆكتات بىلەن تەييارلىنىدىغان تائاملارنى، بولۇپمۇ ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشقا باشلىغان.

ئۇن يېمەكلىكلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياشىغان مۇھىتى، ئىگىلىك شەكلى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە باغلىق. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ، ئاشلىقتىن تەييارلىنىدىغان تائاملارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن ھەمدە ئۆز زامانىسىدىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردا، دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خارابىلىك ۋە قەدىمكى

قەبرىستانلىقلاردىن بايقالغان يۇقىرىقىدەك ھەرخىل يېمەكلىكلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

### 3. سارماچۇققا ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلەر

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇنلۇق تائاملار ئىچىدە، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىي ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئىزاھلىغان سارماچۇق، يەنى قۇشقاچ تىلى ۋە ئۇگرە قاتارلىق سۇيۇقئاشلار ئەجدادلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇش بىلەن بىللە، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغىمۇ تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سۇيۇقئاشلىرى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «كېيىنكى خەننامە. بەش بۇيۇم تەپسىراتى»دا: «پادىشاھ جانابلىرى خەن لىڭدى خۇ (غۇز - ئۇيغۇر) كىيىمى، خۇ ئۆيى، خۇ كارىۋىتى، خۇ غوڭقىسى، خۇ نېيى، خۇ ئۇسسۇل - مۇزىكىسى ۋە خۇ غىزا - تائاملىرىغا ھېرىسمەن ئىدى. پايتەختتە ئاقسۆڭەك - بايلار بەس - بەستە خۇلاردىن دوراپ تەقلىد قىلىشاتتى» دەپ يېزىلغان. تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەر قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق غەربىي يۇرتلۇقلارنى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «خۇلار» (胡人) دەپ ئاتىغان.

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس لاۋ فېر: «خۇ خېتى بىلەن ئاتالغان خەلقلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى»[5] دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەن لىڭدى پادىشاھ ھېرىسمەن بولغان «خۇ غىزا - تائاملىرى» ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇگرە ئېشى بار ئىدى.

لىڭ خۇ يازغان «خەن، تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ نان، توقاچ، قاتلىما، سۇيۇقئېشى، تاتلىق ئوماچ، ھالۋا، ئۇزۇن چۆپ (ئۇگرىنى دېمەكچى) قاتارلىق ئۇندىن تەييارلىنىدىغان غىزا - تائاملىرى خەن دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن. بۇ ئۇيغۇر غىزا - تائاملىرى دەسلەپتە خان - پادىشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، پۇلدار - باي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بەس - بەستە كۆز - كۆز قىلىپ يېيىشىدىغان ئادىتىگە ئايلانغان بولسا، كېيىنچە پايتەخت جامائەتچىلىكى، ئاندىن پۇقرالارمۇ ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتكە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

مەشھۇر تارىخشۇناس گۇ باۋ ئەپەندى غەربىي يۇرتتا ياشىغان خەلقلەرنىڭ جۇڭگو يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: «بۇغداينى ئۇن تارتىش ۋە ئۇندىن غىزا - تائام تەييارلاش ئۇسۇلى چىن - خەن سۇلالىلىرى زامانىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىچكى جايلارغا تارقالغان. ئىچكىرىدە شۇ دەۋردىكى بايلار سۆك ۋە گۆشنى ئىستېمال قىلسا، كەمبەغەل، نامراتلار پاتاقنى ئىستېمال قىلغان. سۆك ئاق ئاشلىق ھېسابلانغان. پاتاق ھاراقنىڭ چىرىندىسى يەنى ئاشلىقنىڭ سۈزۈندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، قارا ئاشلىق ھېسابلانغان. بۇغداي ئېشى بولسا ياۋايى دېھقانىنىڭ غىزاسى، دەپ قارالغان. تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن يەن شىگو ‹بۇغداي ئېشى، پۇرچاق ئۆمىچى ياۋايى دېھقانىنىڭ غىزاسىدۇر› دەپ ئىزاھ بەرگەن»[6]، دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا دىيارغا تارقالغان سۇيۇقئاشلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سارماچۇق ياكى ئۇگرە دېگەن ئەسلىي نامى بىلەن تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «بۇغداي ئېشى» (麦饭) دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم.

خەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن مىلادىيە 230 - يىلغىچە)، ۋېي (مىلادىيە 230 — 265 - يىللار) دەۋرلىرىدىن باشلاپ «غۇز تائاملىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر تائاملىرى (جۈملىدىن سارماچۇق ۋە ئۇگرە قاتارلىقلار) ئوتتۇرا دىيار ئاھالىلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ، يەرلىك كىشىلەر-

نىڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب
شۇ جيې «غوز تائاملىرى ھەققىدە قاپىيەلىك پىروزا» دېگەن ئەسىرىدە سارماچۇق، يەنى ئۇگرە ئاشنى قال-
تىس گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيەلىگەن بولسا، «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈل-
گەن كىتابلار قامۇسى»دا خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن جاۋچىنىڭ شىمالىي دېڭىز تەرەپلەردە خۇ
(ئۇيغۇر) تائاملىرى سودىسى بىلەن بېيىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆت-
كەن داڭلىق خەتتات ۋاڭ يى ياش چېغىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ باققانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاتلىمى-
سى، توقچى، ھالۋىسى ۋە بۇغداي ئېشى (سارماچۇق ۋە ئۇگرە) قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى تەملىك، مەززى-
لىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن.

«تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، تاڭ دەۋ-
رىدىكى پايتەخت چاڭئەندە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار مىڭ تۈتۈندىن ئاشقان بولۇپ، بىرقانچە كوچىلاردا
ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شەكىللەنگەن[7]. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ناھايىتى ئاۋات ، كېچە - كۈندۈز قاينام -
تاشقىن كەيپىياتتا بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك سودىسى بەك قىزىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە پو-
لو(毕罗) ، چۆپ، بۇغداي ئېشى (سارماچۇق ۋە ئۇگرە)، نان - توقاچ، قاتلىما، شورپا ساتىدىغان داڭلىق
ئاشپۇزۇللار، كاۋاپخانىلار، لوپنور ھارىقى، تۇرپان ۋە كۇچانىڭ ئۈزۈم ھارىقى دۇكانلىرى، مەيخانىلار،
بەزمىخانىلار، مال سارايلىرى، مېھمانخانىلار ۋە دەڭلەر بولغان. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۇيغۇر ناخشا -
ئۇسسۇللىرى ۋە تىياتىرلىرى قويۇلۇپ تۇرغان.[8]

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»نىڭ 232 - جىلدىغا قارىغاندا، تيەنباۋ يىللىرى
(713 — 756)دىن كېيىن پايتەخت چاڭئەنگە كەلگەن ساقاللىق ئۇيغۇرلار تۆت مىڭدىن ئاشقان بولۇپ،
شەھەر كوچىلىرىنى ئۇيغۇر پۇرىقى قاپلىغانىكەن. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە يەنىلا غەربىي يۇرتتىن يە-
پەك يولى بويلاپ لوياڭ، چاڭئەنلەرگە ئۆزلۈمەي كىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر تائاملىرى بازار تېپىپ، يەرلىك
خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ «بۇغداي ئېشى» (麦饭) دەپ ئاتالغان سارماچۇق ۋە
ئۇگرە ئاشلار سۆك ۋە شوۋنگۇرۇچكە ئادەتلەنگەن خەلقلەر ئۈچۈن بىرخىل يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، ئۇگرە
ئاشلارنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن، ئاشپۇزۇل غوجايىنلىرى ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر تائاملىرى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۈچ يۈز يىلغا (907 — 618) يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە ۋېي - جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىدا پايتەخت
چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە داۋاملىق داڭق چىقىرىپ راۋاجلانغان ھەمدە تاڭ دەۋرى يېمەك -
ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمىكىگە بولغان قى-
زىقىش تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ، شۈەنزۇڭ پادىشاھتىن تاكى بەزى ۋاڭ، گۇڭلارغىچە، ئايماق - مەھكىمىلەر ئە-
مەلدارلىرىدىن تاكى جەندە - كۇلالىق گاداي - پۇقرالارغىچە ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي مە-
دەنىي ھاۋاغا ئايلانغان.

سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىنىڭ
گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرى يەنە بىر زامان مودىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ نان - تو-
قاچ، قاتلىما، بۇغداي ئېشى (سارماچۇق ۋە ھەرخىل ئۇگرىلەر) قاتارلىق ئۇنلۇق غىزا - تائاملار ناھايىتى
بازار تاپقان. مىڭ يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدا ساقلانغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا شىمالىي سۇڭ
خانلىقىنىڭ مەركىزى كەيفېڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەندە، كەيفېڭ شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاش-
پۇزۇللىرىدا نان - توقاچلار، چۆپلەر، ھېسىپ - كاۋاپلار ۋە خېمىرى نېپىز يېيىلىدىغان ئۇگرە ئاشلار-
نىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى، كىشىلەر بەس - بەستە ئېلىپ يېيىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368) دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان ۋە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى)تىن يۈز مىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر غىزا - تائاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكىرىگە تارقالغان، ھەتتا موڭغۇللار ئوردىسىنىڭ ئاشپەزلىرى، مۇئەللىملىرى، تېۋىپلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغاچقا، ئۇيغۇر تائاملىرى يەنىلا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئۇستازى بولغان ھەم «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ناملىق يېمەك - ئىچمەك ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تائامشۇناسى قوسقۇي سارماچۇق ۋە ئۈگرە قاتارلىق ئېسىل ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىغان.[9]

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، جۇڭگو يېمەك - ئىچمەك تارىخىغا دائىر خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا دىيارغا تارقىلىپ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «بۇغداي ئېشى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان سارماچۇق، ئۈگرە ئاشلار دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا دىياردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان، خام ماتېرىياللىرى، خۇرۇچلىرى، تەييارلاش ئۇسۇلى جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ھەمدە پۈتۈنلەي شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ تەم - خۇرۇچ ئادىتىگە ماسلىشىپ كەتكەن.

4. سارماچۇقنىڭ دىيارىمىزدىكى تەرەققىياتى

يېقىنقى ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاساسلىق غىزاسى بولۇپ كەلگەن سارماچۇق ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ئەنئەنىۋى غىزا ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئىقلىمى، ياشاش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئەمگىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، روھىيىتى، دۇنيا قارىشى ھەتتا قەدىمكى ئۆرۈپ - قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك رىجە - قائىدىلىرىگىچە چەمبەرچاس باغلانغان.

مەلۇمكى، يېمەك - ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، تۇرمۇش شارائىتى، دىن ئېتىقادى شۇنداقلا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار جەھەتتە ئوخشىمىغان پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئەھۋالىدىمۇ ئوخشىمايدىغان پەرقلەر كېلىپ چىققان. ئەجدادلىرىمىز دىيارىمىزنىڭ شارائىتىغا خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان ھەمدە بۇ مەدەنىيەت ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىش بىلەن بىللە باشقا مىللەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر خەلقى يېمەك - ئىچمەك، غىزا - تائام جەھەتتە ئىنچىكە روشەن خاسلىقنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر غىزا - تائاملىرى ئىچىدە ئۈچ، تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە سارماچۇق - ئۈگرىلەرنى مىسال ئالساق، سارماچۇق - ئۈگرىلەر گەرچە گۆش، پولۇلاردەك مېھمان ھۆرمىتىگە ئالدىنقى قاتاردا تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتىھانى ئاچىدىغان، مىزاج تەڭشەيدىغان، ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك، بەزى ئاغرىق - كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان نۇرغۇن خاسىيەت - خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە سورۇنلاردا تەرىپلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. سارماچۇق - ئۈگرە ئاشلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، ئۇ ئۇن، تۇز، ياغ، گۆش، ھەرخىل كۆكتات ۋە دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، شۇ ئائىلە ئەزالىرى ياكى سورۇن ئەھلى - ھەمداستىخانلارنىڭ ئىشتىھاسى، مىزاجى، ئاچچىق - چۈچۈكلۈكى، بەزى كۆكتاتلارنى ياقتۇرماسلىقى، تۇز، تەمى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ تەلىپىگە لايىق تەم - خۇرۇچلار بىلەن تەييارلاشقا قولايلىقلى-

قىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، جىسمانىي ئەمگەكلەردە ھېرىپ ـ چارچىغانلار، سەپەردىن ھېرىپ قايتىپ كەلگەنلەر، ئىشتىھاسى تۇتۇلغانلار، مىزاجى يوقلار، ئىسسىق باسمىغانلار، ئاشقازىنى ئېغىر تاماقلارنى كۆتۈرەلمەيدىغانلار ۋە بەزى كېسەلمەنلەر تەشنا بولۇپ ئىستېمال قىلىدىغان بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە ئارزۇلاپ ئىستېمال قىلىدىغان دائىملىق غىزا بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر تارىخىي ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، سارماچۇق ـ ئۇگرە ئاشلار يەنە كېسەل داۋالاشتىكى داۋايى غىزا (ئالدى بىلەن داۋالاش رولىنى ئويناپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق غىزا) سۈپىتىدىمۇ خىزمەت قىلدۇرۇلغان. مەسىلەن، سارماچۇق ـ ئۇگرىلەرنىڭ خۇرۇچلىرى بولغان ئۇن، گۆش، تۇز، پىياز، سامساق، پالەك، پەمدۇر، كەرەپشە، يۇمغاقسۇت، پىدىنە، كۆك ـ قىزىل مۇچ قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، داۋالاش رولى، پايدا ـ زىيىنى، ئىستېمال قىلىش قېتىم سانى، مىقدارى، تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن تېۋىپ ئاتاسىغۇنلار شۇ كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش تەرتىپلىرىنى بېكىتكەن. سارماچۇق ـ ئۇگرىلەرنىڭ خۇرۇچلىرىنى كېسەلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەڭشەش ۋە پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق، كېسەللىكنى شىپا تاپتۇرغان ۋە خۇرۇچلارنى بۇيرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغان. سارماچۇق ـ ئۇگرىلەردىكى خۇرۇچلار بەدەن ئەزالىرىنىڭ نورمال خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىپ، كېسەلنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كېسەل كىشىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش ۋە ھەرخىل تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سارماچۇق ـ ئۇگرىنىڭ خۇرۇچلىرىنى تەڭشەپ، كېسەلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى غىزانىڭ تېبابەتچىلىك ـ داۋالاشتىكى رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇنداق سارماچۇق ـ ئۇگرىلەر بىلەن كېسەل داۋالاش ئادەتلىرى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىق ۋادىلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلار تۇرمۇشىدا بىرخىل ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

ئۇلۇغ تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلغان سارماچۇق، يەنى قۇشقاچ تىلى ئاش ـ ئۇگرە ئاش ۋە قىيما ئۇگرىنى تىلغا ئېلىپ ئىزاھلىغان بولسا، ئارىدىن مىڭ يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، كىشىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە ساپاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، غىزا ـ تائام تۈرلىرىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە موللاشتى. ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر غىزا ـ تائامى تەركىبىدە «سۇيۇقئاش» دېگەن ئومۇمىي نام ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سارماچۇق ـ ئۇگرىلەر ئەمدىلىكتە تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خۇرۇچلىرى، تۇز ـ تەمى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ نۇرغۇن تۈرلەرگە شاخلاپ باردى. ئۇ چۆپنىڭ شەكلى، خۇرۇچى ۋە ئېتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۇگرە، خام قىيما، قورۇما ئۇگرە، كەسمە ئۇگرە، قۇشقاچ تىلى، ئۇزۇپ ـ تاشلاپ سۇيۇقئاش، پوستلاق ئاش، ماش ئۇگرە، كۆچا سۇيۇقئېشى، خېمەن ئاش، كەسمە چۆپ ئاش، قەشقەر ئۇگرىسى، پۇرچاق ئۇگرىسى... دېگەندەك ئون نەچچە خىلغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھازىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالىدىكى سۇيۇق ـ سەلەڭ غىزالارنىڭ تۈرلىرى 35 ـ 40 خىلدىن ئېشىپ كەتتى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كۈندىمۇ غا-

يەت زور يېمەك - ئىچمەك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى خەلقئالەمگە ئايان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» (توختى باقى يازغان) ناملىق كىتابتا 371 خىل تاماق تۈرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خورۇچى قاتارلىقلار خېلى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، گۆرۈچ تائاملارنىڭ تۈرى 30 خىل، قىيملىق تائاملارنىڭ تۈرى 36 خىل، كاۋاپلارنىڭ تۈرى 34 خىل، ناننىڭ تۈرى 22 خىل، لەگمەننىڭ تۈرى 8 خىل، هور نانلارنىڭ (يۇتازىلار) نىڭ تۈرى ئالتە خىل، سۇيۇق - سەلەڭ تائاملارنىڭ تۈرى 35 خىل، چۆپلەرنىڭ تۈرى بەش خىل، قورۇمىلارنىڭ تۈرى 67 خىل، دۇملىمە تائاملارنىڭ تۈرى 21 خىل، ئۇيۇتمىلارنىڭ تۈرى 16 خىل، شورپىلارنىڭ تۈرى سەككىز خىل، هالۋىلارنىڭ تۈرى تۆت خىل، خام سەيلەرنىڭ تۈرى 29 خىل، پېچىنە - پىرەنىكلەرنىڭ تۈرى 30 خىل، تۇخۇم پوشكىلى، قۇيماق، كونا شورپىدا پىشۇرۇلغان ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ تۈرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىكى خەلقئارالىق سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى، يىلىغا مىليونلاپ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ دىيارىمىزدا سەيلە - ساياھەتتە بولۇشى، بولۇپمۇ ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگىچە كېڭىيىشى ئۇيغۇر تائاملىرىنى خەلقئاراغا تونۇتتى. ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم كۆپ، تائام تۈرى جىق، تەملىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، تەم - پۇرىقى ئۆزگىچە بولۇپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى نەچچە مىليون سەيلە - ساياھەتچىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى. ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر ئاشپەزلەر تائام پىشۇرۇش مەدەنىيىتىنى تارقاتقۇچىلار سۈپىتىدە جۇڭگو يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپلا قالماي، بەلكى بۇگۇنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە[10]. هازىر مەملىكەت ئىچىدىكى مىڭلىغان شەھەر - بازارلاردا ۋە توكيو، لوندون، موسكۋا، نيۇيورك، پارىژ، ئاموستىردام، يېڭى دېھلى قاتارلىق يۈزلەرچە خەلقئارالىق مەشھۇر شەھەرلەردىمۇ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ داڭقى چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچە غىزا - تائاملىرى پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممە ئوتتۇرا - كىچىك شەھەرلىرىدە گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نيۇيورك كوچىلىرىدىمۇ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر كاۋاپلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان[11].

ئىشىنىمىزكى، كەلگۈسى خەلقئارا سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى، يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، سەيلە - ساياھەتنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ تەملىك، مەززىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، پۇرىقى ئۆزگىچە ئۇيغۇر غىزا - تائاملىرى دۇنيا بازارلىرىنى قاپلىغۇسى.

ئىزاھاتلار:

①③ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي نەشرى، 146 - بەت ۋە 300 - بەت.

② شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى: «پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقلىرىدىن 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1993 - يىلى، خەنزۇچە 4 - سان.

④ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: « 2400 يىللار ئىلگىرىكى سۈيۈقئاش»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 2012 - يىللىق 4 - سان، 47 -، 48 - بەتلەر.

⑤ لاۋفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو - ئىران توغرىسىدا»، 1964 - يىلى 1 - ئاي، شاڭخۇ باسمىخانىسى، خەنزۇچە نەشرى.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىللىق 3 - سان 50 - بەت.

⑦⑧ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىينىڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللە-

لمىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تالڭ سۇلالىسى پايـ. تەختى چاڭئەندىكى سودا ـ تىجارىتى» («شىنجاڭ يېزا ـ بازار پۇل مۇئامىلىسى»، 1998 ـ يىللىق 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى» («ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» نىڭ 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى سانىدا) قاتارلىق ماقالىلىرىگە قاراڭ.

⑨ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: ««مەشھۇر ئوزۇقلۇقشۇناس قوسقۇي ۋە ئۇنىڭ شىپالىق تائاملار دەستۇرى، ھەققىـ. دە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2012 ـ يىللىق 6 ـ سان، 82 ـ، 97 ـ بەتلەر؛ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «يۈەن سۇلالىسىـ. دە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 185 ـ، 189 ـ بەتلەر، 1991 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـ نەشرى.

⑩ ماشىگېرىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق پىشۇرۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىلـ. لەتلەر تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، خەنزۇچە.

⑪ فەن يىڭلى، جۇلاڭ: «شەھەرمۇشەھەر ھايت ـ ھۇيت قىلىشقانلار قوي گۆشى كاۋاپچىلىرى»، «خەلق گېزىـ. تى»نىڭ 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى.

(ئاپتور جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)



ئىسرائىل مۇتىللا

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئوۋچىلىققا دائىر بايانلار

ئوۋچىلىق تۈركىي قوۋملارنىڭ ياشاش ۋە كۈندىلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى مۇھىم پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەت ئارقىلىق ھەرقايسى قەبىلە - قوۋملار ئۆز تۇرمۇشىدىكى يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە مۇئەييەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈنمۇ تىرىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوۋچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى پائالىيەتلەر ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ يەنىمۇ مولىلىشىشىنى ، نەزەر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى ، ئۆزئارا ئېلىم - بېرىم، بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئوۋچىلىق يەنە ئۆز يولىدا شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ ئۇستا مەرگەن، قورقماس، ئەقىللىك، چېچەن كىشىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ماھارەت سورۇنى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇ دەۋردىكى ئوۋچىلىق ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بايانلار مەلۇم نۇقتىدىن شۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىلەرگە كېلىشىمىز ئۈچۈن مەلۇم پايدىلىنىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

«دىۋان»دا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى، شۇنداقلا ئوۋ قىلىش جەريانىنى، خان، بەگلەرنىڭ ئوۋ قىلىشىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان شېئىرىي بايانلار بېرىلگەن. بۇ شېئىرلاردىكى نەپىس تىلدا ئەكس ئەتكەن جەڭگىۋار، خەتەرلىك ئوۋچىلىق جەريانى، كۆڭۈللۈك جامائەت تۇرمۇشى، گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرلىرى قويۇق ئەپسانىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئوۋغا دائىر ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى، ئۇرۇش مەيدانىنى ئەسلىتىدىغان رىقابەتلەردىن شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ بايانلارنى توپلاپ تۈرگە ئايرىپ كۆرگىنىمىزدە، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى ئوۋچىلىق ھەققىدە بىر پۈتۈن تەسۋىرگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ بىر پۈتۈن تەسۋىرنى تەشكىل قىلغان بايانلار تۆۋەندە ئۆز تۈرلىرى بويىچە شۇ دەۋردىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى بايان قىلىدۇ.

ئوۋچىلىق — كېلىپ چىقىش جەھەتتە، تولىمۇ قەدىمىي پائالىيەت بولۇپ، ئوۋ سۆزىمۇ مەلۇم بىر خىل پائالىيەتنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان ھەرىكەتنى تەسۋىرلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. «ئوۋ» سۆزىنىڭ

كۆپلۈك شەكلى بولغان، شۇنداقلا بىر قېتىملىق ئۇۋ پائالىيىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان «ئۇۋلىدى» سۆزى ھەققىدە «دىۋان»دا بېرىلگەن چۈشەنچىگە قارىغاندا، بۇ سۆز بىر قېتىملىق كوللېكتىپ ھەرىكەتنى ئەكس ئەتكۈزگەن. دىۋاندىكى «ئۇۋلىدى؛ ئولاشتى. بەگ ئاۋ ئاۋلادى — بەگ ئۇۋ ئۇۋلىدى. ئاتار كىشى ئاۋلادى — ئاتا كىشى ئولاشتى» (1-توم،377 -بەت). «ئاۋدى. ئولاشتى، توپلاندى. ئاتار كىشى ئاۋدى — ئاتا كىشى ئولاشتى» (1 - توم، 234 -بەت) دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇۋ سۆزى ئولاشماق، قورشىماق مەنىلىرىگە ئىگە بولۇپ، قەدىمىي دەۋردە كىشىلەر ھايۋانلارنى قورشاش، چۆرىدەپ ئولىشىش ئارقىلىق ئولجا ئېلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئولاشماق مەنىسىدىكى «ئاۋ» سۆزى بارا - بارا مۇشۇ خىل پائالىيەتنى بىلدۈرىدىغان نامغا ئايلانغان. بۇ خىل ئولىشىش، قورشاش پائالىيەتلىرى جەريانىدا ياۋايى ھايۋانلار ئاساسلىق نىشان بولغان. «ئاۋلالدى، ئۇۋلاندى. كېيىك ئۇۋلاندى» (1 - توم، 388 - بەت)، بۇ بىر جۈملە بايان قارىماققا كېيىكنى ئۇۋلىغانلىقىدەك ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن قەدىمىي تۈرك تىلىدىكى مەنىسى بولسا «ياۋايى ھايۋانلارنى قورشىماق» دېگەندىن ئىبارەت. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كېيىك سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى بارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «كەيىك، كېيىك. ئەسلىدە ياۋايى بولغان ھەرقانداق نەرسە. بۇ سۆز گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغان كېيىك، ئېلىك، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ» (3 - توم، 230 - بەت). دېمەك، «دىۋان»دىكى كېيىككە ئائىت بىر قىسىم سۆزلۈكلەر مەلۇم مەنىدە باشقا خىل ئۇۋلىنىدىغان ھايۋانلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولۇپ، «Tutuldi . تۇتۇلدى، كەيىك تۇتۇلدى» (2 - توم، 166 - بەت) دېيىلگىنىنى كېيىكتىن باشقا بارلىق ياۋايى ھايۋانلارغىمۇ تەدبىقلاشقا بولىدۇ. كېيىن بارا - بارا كېيىك سۆزى يالغۇز مەلۇم بىر خىل ياۋايى ھايۋاننىڭ خاس نامىغا، ئۇۋ سۆزى بولسا بارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاپ تۇتۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلانغان.

## ئۇۋنىڭ شەكىللىرى

«دىۋان»دىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇۋچىلىق يالغۇز مەلۇم كىشىنىڭ مەلۇم قوراللار بىلەن مەلۇم خىل ھايۋان ياكى قۇشنى ئۇۋلىشىنىلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقى، ئۇۋ ئۈچۈن تەييارلىغان تۈرلۈك ئۇۋ سايمانلىرى ۋە ئۇۋ ھايۋانلىرىنىڭ ياردىمى، ۋاقىت - شارائىت ۋە ئورۇنلارنىڭ ماس كېلىشى قاتارلىق تۈرلۈك شەرتلەرنى ھازىرلىغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇۋغا قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇۋچىلىقنى يالغۇز كىشىلىك ئۇۋچىلىق، كوللېكتىپ ئۇۋچىلىق ۋە ھەمكارلىشىپ قىلىنىدىغان ئۇۋچىلىق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

كوللېكتىپ ئۇۋچىلىق. ئۇۋچىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇرمۇش كەچۈرۈش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ بارا - بارا چارۋىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان. ئۇۋچىلىق ياشاش ئۈچۈن ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل پائالىيەتتۇر. ھالبۇكى، شۇ دەۋرلەردە بىر كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز يېمەكلىككە ئېرىشىشى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىشى مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، كىشىلەر بىخەتەرلىك ۋە ياشاشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن جامائەت توپى ئەڭ دەسلەپكى ئۇۋچىلار تۈركۈمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇۋنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى شۇ توپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن پايدىلىق روللارنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ئۇۋ شەكلى ئىنسانلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ،

ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە رولىنى يوقاتمىغان. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان تۈركىي قوۋملارنىڭ بىر قىسمى ئىرىم مەدەنىيىتىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشاپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ھەر ئىككىلا توپتا ئوۋچىلىقنىڭ رولى يەنىلا مۇھىم دەپ قارالغان. شۇ سەۋەبتىن «دىۋان»دا ئەكس ئەتكەن كوللېكتىپ ئوۋچىلىق ھەققىدىكى بايانلار كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «قاغرى بەرىپ قۇشلاتۇ، تايغان ئىزىپ تىشلەتۇ. تىلكۇ توڭۇز تاشلاتۇ، ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم. (ئوۋچىلىقنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: «قارچىغا بېرىپ قۇشلىتىپ، تايغان سېلىپ چىشلىتىپ، تۈلكە، تۇڭگۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى.)» (2 ـ توم، 503 ـ بەت). يۇقىرىقى شېئىرىي بايانىدىكى ئوۋ مەيدانىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان بايان، بىر توپ كىشىلەردىن باشقا يەنە تايغان، لاچىنلاردىن تەشكىللەنگەن ئوۋ ئەترىتىنىڭ قانداق ماسلىشىش ۋە ئوۋ قىلىش ھەققىدىكى قاراشلىرى تىلغا ئېلىنىپ، كوللېكتىپ ئوۋنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. «توسۇن مۇنۇپ سەكرىتسۇن، ئەسىزلىكىن ئامۇرتسۇن. ئېتقا كەيىك قايتارسۇن، تۇتمىش سانى ئۇمنالىم؛ توسۇن مىنىپ سەكرەتسۇن، ئاساۋلىقىنى تىنچىتسۇن، ئېتقا ئوۋنى قايتارسۇن، تۇتۇلدى دەپ ئۇمۇنايلى (بىر يىگىت تەرىپلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ توسۇن تايغا مىنىپ ئۇنى سەكرەتسۇن، ئۇنىڭ ئاساۋلىقىنى بېسىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوۋ قىلسۇن؛ ئىتنى ئوۋنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇشقا سالسۇن، شۇ چاغدا بىز، ئوۋ قولغا كەلدى، دەپ ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن ئۈمىدلىنەيلى.)» ( 3 ـ توم، 582 ـ بەت). بۇ بايانمۇ كوللېكتىپ ئوۋچىلىق مەيدانىدىكى ئوۋنى باشلاش ئالدىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان بايانىدۇر. كوللېكتىپ ئوۋنىڭ ئالاھىدىكى شۇكى، بۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەر بىر قەدەر كۆپ، قولغا كېلىدىغان غەنىيمەتمۇ جىق بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا بۇ خىل ئوۋدا ئالدىن پىلان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەجرىبە ۋە سالاھىيەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ قوماندانلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھەمكارلىشىپ قىلىنىدىغان ئوۋچىلىق. «دىۋان» دىكى ئوۋچىلىق ھەققىدىكى بايانلاردىن، كىشىلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوۋچىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئوۋ شەكلىدە، بىر قانچە ئادەم ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئۆزئارا ئوۋ قوراللىرى ۋە ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئوۋ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشىدۇ. كوللېكتىپ ئوۋچىلىققا قارىغاندا، بۇ خىل ئوۋچىلىققا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، بەلكىم ئېنىق كېلىشىمنى تۈزۈپ تۇرۇپ، شۇ كېلىشىم بويىچە تەقسىم قىلىش ئاساسىي ئورۇندا بولسا كېرەك. بۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئايان بولىدۇ:

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوۋچىلىق: بۇ خىل ئوۋغا قاتناشقانلار ئاساسەن قاپقان قۇرۇش، تۇزاق سېلىش ئارقىلىق ھايۋانلارنى ئوۋلىغان. مەسىلەن: «ئىلتۇردى. ئول ماڭا كەيىك ئىلتۇردى ــ ئۇ ماڭا كېيىكنى تۇزاققا ئىلىندۇرۇشنى بۇيرۇدى» (1 ـ توم، 298 ـ بەت) دېگەن مەلۇماتتىن بۇ خىل ئوۋغا قاتناشقان ئوۋچىلارنىڭ ئىككى كىشى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ تۇزاق قۇرۇپ كېيىك ياكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يەنە بىر خىلى بولسا باشقىلارنىڭ ئوۋ قوراللىرىنى ئىجارە ئېلىش شەكلى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، بىر تەرەپ كۈچ چىقىرىپ، يەنە بىر تەرەپ قورال چىقىرىدىغان ئوۋچىلىق شەكلىدۇر. بۇ توغرىسىدا «دىۋان» دا، «تۇيغۇرمادى ئىتمىنى، تۇرغۇرغالىر ئاتمىنى، سۇردى مانىڭ قۇتۇمنى، قاز، تاقى قوردايىمى. (ئوۋ قۇشى، ئىت ۋە ئېتىمنى ئۆتنە ئالغان كىشى تەسۋىرلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: مېنىڭ ئىتىمنى تويدۇرغۇدەك ئوۋ تاپالمىدى، ئېتىمنى جىق چاپتۇرۇپ ھاردۇرۇپ قويدى، غاز ۋە قودايلىرىمنى

ئۇچۇرۇۋەتتى، ئامىتىمنى كەتكۈزدى)» (2 ـ توم، 250 ـ بەت) دېگەن بايانىدىن مەلۇمكى، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ نەرسىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئوۋغا قاتناشقان. بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوۋ غەنىيمەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق كېلىشىم بولغان. بۇنى يۇقىرىقى «ئامىتىمنى قاچۇردى، غاز، قودايلىرىمنى قاچۇرۇۋەتتى» دېگەن بايان دەلىللەيدۇ. يەنى ئارىيەت بېرىپ تۇرغان تەرەپ قولغا كەلمىگەن نەرسىنى مېنىڭ دەپ تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئوۋلاش، قانداق تەقسىم قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم بارلىقى ئېنىق.

يالغۇز قىلىنىدىغان ئوۋچىلىق. «دىۋان»دا يەنە ئوۋچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان ئوۋچىلىقى ھەققىدىمۇ بىر قىسىم بايانلار بار. بۇنداق ئوۋچىلار تەجرىبىدە پىشقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوۋ قوراللىرى، ئوۋ ئىتى ۋە قۇشلىرى بار. بۇ خىل ئوۋچىلار كوللېكتىپ ۋە ھەمكارلىشىپ ئوۋچىلىق قىلىشتىن باشقا، يەنە ئۆز ئالدىغىمۇ ئوۋچىلىق قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامدايدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوۋ ئوۋلاپ قىممەت يارىتىدۇ. «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدىكى «ئوۋلىدى، ئوۋ قىلدى. ئەر ئۆزىگە ئاۋلاندى ـــ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئوۋ قىلدى» (1 ـ توم، 392 ـ بەت) دېگەن بايانىدىن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن: بۇ مىسالدىكى «ئۆزى» دېگەن ئېنىقلىغۇچى شۇ دەۋردە يەنىلا كوللېكتىپ ئوۋچىلىقنىڭ ئاساس ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەزلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، كوللېكتىپ ئوۋچىلىقتىن بىكار بولغاندا، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن ئوۋچىلىق قىلىدىغانلىقى، ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئوۋچىلىقنىڭ ۋاقىت، شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئانچە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، شۇ دەۋردە ئوۋچىلار ئۆزلىرى يالغۇز ئوۋچىلىققا چىقسىمۇ، بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئۈچۈن بولۇشى ناتايىنلىقى، بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوۋغا چىقىپ، ھاۋالە بويىچە ئوۋلىغان غەنىيمەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، مەلۇم قىممەتتىكى نەرسە ياكى پۇلغا ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «دىۋان»دىكى «ئوۋلاتتى، ئول ماڭا ئۆيىق ئاۋلاتتى ـــ ئۇ ماڭا تاغ ئۆچكىسى ئوۋلاتتى» (1 ـ توم، 350 ـبەت) دېيىلگىنى، دەل باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئېلىپ بارغان، يالغۇز ھالدا قىلغان ئوۋچىلىقنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان باياندۇر. ئەمما، يالغۇز ئېلىپ بېرىلغان ئوۋچىلىقنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئوۋچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇپ، «تۇتۇلدى. ئەر كەيىك تۇتۇندى ـــ ئادەم (يالغۇز ئۆزى) كېيىك تۇتۇۋالدى» (2ـتوم، 202 ـبەت) دېگىنى يالغۇز قىلىنىدىغان ئوۋچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان بايانىدۇر.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوۋچىلىق ھەققىدىكى بايانلاردىن، بۇ پائالىيەتكە ئاددىي پۇقرالىقتىن كېلىپ چىققان ئوۋچىلارمۇ، شۇ دەۋردىكى بەگ ـ تۆرىلەرمۇ، ھەتتا خانلارنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئوۋچىلىق ھەققىدىكى بىر قىسىم مەلۇماتلار شۇ دەۋردىكى ئېنىق دەرىجە پەرقىنى ئەكس ئەتكۈزگەن. چۈنكى بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئوۋ قىلىش شەكلى، پائالىيەت مەيدانى، ئوۋ قىلىدىغان ۋاقىتلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئوۋ قىلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئاددىتىكى ئوۋچىلارغا نىسبەتەن، ئوۋچىلىق قىلىش بىر قېتىملىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى ئوۋچىلىققا تايىنىپ جېنىنى بېقىشقا ھاجىتى يوق كىشىلەر، يەنى يۇقىرى قاتلامدىكى خان، بەگ، تۆرىلەرمۇ بۇ خىل پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقى، ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان، شۇنداقلا كاماندازلىق، نەيزىۋازلىق ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان. شۇ سەۋەب «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى بايانلارنى قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقابولىدۇ.

خاننىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتى. «دىۋان»دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر خىل ئوۋچىلىق بار بو-

لۇپ، بۇ خىل ئوۋچىلىقنىڭ شەكلى كوللېكتىپ ئوۋچىلىق بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە. بىراق بۇ ئوۋچىلىق ئالدىن بېكىتىلگەن ۋاقىتتا، بېكىتىلگەن يەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ، مانا بۇ خانلار قاتنىشىدىغان ئوۋچىلىق پائالىيىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئوۋ قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، شۇنداقلا خاننىڭ كاماندازلىق ماھارىتىنى نامايان قىلىش بولۇپ، بۇ خىل ئوۋچىلىق ئوۋلانغان ھايۋانلارنىڭ قىممىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى خان كۆڭلىنىڭ خۇش بولۇشى بىلەن، ھەتتا خاننىڭ مەقسىتىگە يەتكەن – يەتمىگەنلىكى بىلەن ئۆتۈقلۇق بولغان – بولمىغانلىقى ئايرىلىدىغان بىر خىل ئوۋچىلىق پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل پائالىيەت، يەنى خاننىڭ ئوۋغا قاتنىشىشى دائىم بولۇۋېرىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس بولۇپ، ئوردا ئىچىدە مۇھىم پائالىيەتلەر بولغاندا، خان جەمەتىنىڭ قۇتلۇق كۈنلىرىدە، ھەتتا تاشقى ئەللەرنىڭ خان، خانزادە، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان سورۇندۇر. بۇنداق سورۇن توغرىسىدا «دىۋان»دا «سېغىر. خانلارنىڭ كۆپ ئادەملەر بىلەن قىلىدىغان بىر خىل ئوۋى. بۇنىڭدا خاننىڭ ئادەملىرى ئورمانلارغا ۋە قىرلارغا تارقىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ، خان ئالدىغا كەلگەن ھايۋانلارنى ھېچ ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ.» (1 – توم، 471 – بەت). بۇ مەلۇماتتا ئاساسلىق نامايان بولىدىغىنى خاننىڭ كاماندازلىق ماھارىتىدۇر. بۇ خىل ئوۋدا ئوۋلانغان بىر قىسىم ھايۋانلاردىن تەييارلانغان شۇ مەيداندا ئېلىپ بېرىلىدىغان زىياپەتمۇ بۇ خىل ئوۋچىلىقنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان. «دىۋان»دا ئون ئىككى مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئوۋ توغرىسىدا، خانلارنىڭ ئوۋى ھەققىدە بىر قىسىم مەلۇماتلارنى بەرگەن. «تۈرك خانلىرىدىن بىرسى ئۆزىدىن نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بىراق ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ھېسابلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ مۇنداق دېگەن: ‹بىز تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۇ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن›، خەلق خاقاننىڭ پىكرىنى ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا بولۇپ، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، شۇ دەرياغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى مۇچەلگە ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن بولغاچقا، يىل بېشى ئۇنىڭ نامى بىلەن چاشقان يىلى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر مۇچەل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان. ئۇد (كالا) يىلى، بارس يىلى، تاۋۇشغان يىلى، ناك (تىمساھ) يىلى، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى...» (1 – توم، 449 – 450 – بەتلەر) بۇ مەلۇمات چوڭ بىر ئىشنىڭ خانلارنىڭ ئوۋى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدەك ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. خانلارنىڭ ئالاھىدە ھەۋەسلىرى بويىچە مەخسۇس قۇشلانى ئوۋلىغان پائالىيەتلىرىمۇ بولغان. بۇ خىل ئوۋچىلىقتا خانلار ئۆزلىرى باققان ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرىنىڭ ماھارىتىدىن ھوزۇرلىنىشمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ھېسابلانغان. «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدا «خان بۇيەرگ قۇشلاغاندى. –خان بۇ يەرنى قۇش قۇشلايدىغان جاي قىلدى» (2 – توم، 398 – بەت) دېيىلگىنىگە ئاساسەن، خان ئۇچۇن ئوۋ قۇشلىرى، يەنى شۇڭقار، بۈركۈت، لاچىنلارنىڭ ماھارىتىدىن ھوزۇرلىنىدىغان بىر سورۇننىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

بەگلەرنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتى. «دىۋان»دىكى ئوۋچىلىققا دائىر بايانلار ئىچىدە بەگلەرنىڭ قىلىدىغان ئوۋچىلىقىغا دائىر بايانلارمۇ بار. خانلار قاتنىشىدىغان ئوۋچىلىق پائالىيىتى خاننىڭ ھەۋەسى بويىچە، ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشى، ماھارىتىنى نامايان قىلىشى، شۇنداقلا ئوۋ بىلەن زىياپەت ئارىلاشقان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئاساس قىلىناتتى، بەگلەرنىڭ ئوۋىمۇ كۆپ ھاللاردا خانلارنىڭ ئوۋىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئەمما داغدۇغىسى ۋە قاتناشقان ئادەم سانى، شۇ ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى جەھەتتە خانلارنىڭ قىلىدىغان ئوۋىدىن خېلى پەرقلەنگەن. «دىۋان»دا بەگلەر قىلىدىغان ئوۋنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خانلار قىلىدىغان ئوۋغا ئوخشاش تەپسىلىي توختالمىغان. ئەمما، «يىگىتلەرنىگ ئىشلەتۇ، يىغاچ يىمىش ئىرغاتۇ. قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ، بايرام قىلىپ ئاۋنالىم. يەنى، سەيلە ـ تاماشانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتقۇزۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى، قۇلان، كېيىكلەرنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى» (1 ـ توم، 348 ـ بەت) دېيىلگىنى بەلكىم بەگلەرنىڭمۇ قاتنىشىدىغان ئوۋچىلىقىنىمۇ كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى بۇ باياندىن بىر مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئوۋغا قاتنىشىش ئارزۇسى، شۇنداقلا، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇيرۇق بېرىش پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. «دىۋان»دا يەنە بەگلەرنىڭ قاتنىشىدىغان ئوۋچىلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ « ئەۋ ئوۋ. بەگ ئەۋگە چىقتى» (1 ـ توم، 110 ـ بەت). «ئاۋلادى. بەگ ئوۋ ئوۋلىدى» (1 ـ توم، 377 ـ بەت) دەيدۇ. بەگلەرنىڭ ئوۋ نىشانىنى كونكرېت قىلىپ، « قۇشلادى. قۇش ئوۋلىدى. بەگ قۇش ئوۋلىدى» (3 ـ توم، 409 ـ بەت) دېگەن بايان بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بەلكىم بەگلەرنىڭ ئوۋ نىشانى يالغۇز قۇشلار بىلەنلا چەكلەنمەي، ياۋايى ھايۋانلار، ھەتتا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلاش سورۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى مۇمكىن. يۇقىرى مەرتىۋىنىڭ سىمۋولى بولغان يىرتقۇچ قۇشلار ۋە ھايۋانلارنى، شۇنداقلا ئەتىۋارلىق بولغان، ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم پەسىل قۇشلىرى ۋە ئاز تېپىلىدىغان قۇشلارنى ئوۋلاش، بېقىش ئەھۋاللىرى كۆپرەك بولغان بولسا كېرەك. يۇقىرىقى «بەگ قۇش ئوۋلىدى» دېگىنىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا توغرا كەلگەن. بۇ قارىشىمىزنى «دىۋان»دىكى بەگلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر بايان تېخىمۇ دەلىللەپ بېرىدۇ. « قىل، قىل قۇش ــ ئەتىيازدا كېلىدىغان، ئۆردەككە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش، بەگلەر ئەتىيازدا ئۇنى بىر ـ بىرىگە سوۋغا قىلىدۇ. ئۇنى ‹قىل قۇيرۇق› دەپمۇ ئاتايدۇ.» (1 ـ توم، 439 ـ بەت). بۇ باياندا بەگلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن بىر خىل قۇشنى ئۆزئارا سوۋغا قىلىشىدىغانلىقى ئاياندۇر. قارىغاندا، بۇ خىل قۇش بىر خىل ئەتىۋارلىق قۇش بولسا كېرەك. ئەمما نېمە سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشلا بىر خىل قۇشنى سوۋغا قىلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق چۈشەنچە يوق. لېكىن، «دىۋان»دا ئۆزئارا قىلىشىدىغان سوۋغىنىڭ بەدىلى قايتۇرۇلىدىغانلىقى كۆپ يەردە مىساللار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىقى بايانغا قارىغاندا، بۇ خىل سوۋغا قىلىنغان قۇش بەدىلىگە باشقا خىل قۇش ياكى باشقا بۇيۇم ئەمەس، يەنىلا شۇ خىل قۇش قايتۇرۇلىدىغاندەك قىلىدۇ.

مەخسۇس ئوۋچىلارنىڭ ئوۋلىرى. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوۋچىلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نەسەب جەھەتتە ئاددىي پۇقرالاردىن كېلىپ چىققان، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇنى كەسىپ قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇمدۇر. بۇ خىل ئوۋچىلارنىڭ كۆپرەك يايلاق، تاغلىق ۋە يېزا قىشلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ قىلىشتىكى مەقسىتىدە ھەمدە، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىدا مەلۇم پەرقلەر بار بولغان. مەسىلەن، بىر تۈركۈم قابىل ئوۋچىلار خان ياكى بەگنىڭ خاس ئوۋچىلىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرى ئوۋلىغان نەرسىدىن بىۋاستە پايدىلىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خان ياكى بەگلەرنىڭ قىلغان ئىلتىپاتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى مەلۇم. خاننىڭ ئوۋ ئوۋلىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردا تىلغا ئېلىنغان، خانغا ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاپ

ئالدىغا ئەكېلىپ بېرىدىغان كىشىلەر خاننىڭ خاس چەۋەندازلىرى ياكى خاننىڭ خاس ئوۋچىلىرى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭدىن خاننىڭ ئوۋلىرىغا بىر قىسىم ئوۋچىلارنىڭ ئىشتىراك قىلىدىغىنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خاندىن باشقا، يەنە بەگلەرنىڭ يېنىدىمۇ بىر قىسىم ئوۋچىلار بولغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەگلەرنىڭ بىر - بىرىگە قۇش سوۋغا قىلىدىغانلىقىدەك ئەھۋالى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

«دىۋان»دا يەنە ئۆز ئالدىغا ئوۋچىلىق قىلىدىغان تاغلىق ۋە قىشلاقتا ياشايدىغان ئوۋچىلار توغرىسىدىمۇ بايانلار بار. بۇ بايانلار ماقالىنىڭ بېشىدىكى ھەمكارلىشىپ ياكى يالغۇز ھالەتتە قىلىنىدىغان ئوۋچىلىقنى تونۇشتۇرغاندا تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئوۋچىلار ئوۋلىغان ئەتىۋارلىق ھايۋىنىنى خان ياكى بەگلەرگە تارتۇق قىلىپ، ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ ياكى ئوۋلىغان ماللىرىنىڭ گۆشى، تېرىلىرىنى سېتىپ ياكى تەڭ قىممەتتە تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشنى ئاساس قىلىغان. بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە چارۋىچىلىق ياكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەزىدە قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئاددىي ئوۋچىلىق قوراللىرى، مەسىلەن، چوماق، قىسماق قاتارلىقلار بىلەن كىچىك ھايۋان ياكى قۇشلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇشىنى قامدىغان ياكى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان قۇشلارنى تۇتۇپ بېقىشقان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 - توم.

مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 2 - توم.

مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 - توم.



ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل

# «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011 ـ يىلى جۇڭگونىڭ نادىر ئەسىرى ـــ «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ ئۇيغۇرچە يېڭى نەشرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ئىچىدىكى «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى، جىننامە، سۇڭنامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە، شىمالىي چىنامە، جۇنامە، سۇينامە» قاتارلىق ئالتە كىتاب ئىلگىرى نەشر قىلىنغان شۇ ناملىق كىتاب ئاساسىدا نەشر قىلىندى. «يېڭى تاڭنامە»، «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلار يېڭىدىن نەشر قىلىندى.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا ئاساسلىقى قەدىمكى زاماندىكى بەش چوڭ ئاقساقال دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئېلىمىزنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىدىكى ھەر قايسى سۇلالە، خانلىق ۋە بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، خانلارنىڭ نەسەبنامىسى، تۆرىلەر تەزكىرىسى، تارىخىي ۋەقەلەر يىلنامىسى، شۇ دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، لەشكىرىي ئىشلار، مەدەنىيەت، جازا قانۇنى، ئەمەللەر، تاشقى ئالاقە ئىشلىرى، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، دەريا ـ ئۆستەڭلەر، سۇ ئىنشائاتلىرى ساھەلىرىنىڭ تۈزۈم تارىخى، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلار ناھايىتى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

بۇ قېتىم «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نى نەشر قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك كونكرېت خىزمەتلەر ئىشلەندى:

بىرىنچى، ئالدىنقى قېتىم نەشر قىلىنغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا خاتا كېتىپ قالغان بەزى مەزمۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

ئالدىنقى قېتىم نەشر قىلىنغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرى، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى قاتارلىقلاردا قىسمەن خاتالىقلار ساقلانغان. بۇ قېتىمقى نەشرىدە بۇ تەرەپتىكى خاتالىقلارنى نوپۇزلۇق شەخسلەر كۆرۈپ بېكىتتى، يەنە ساقلانغان مە-

سىلىلەرنى تەھرىرلەر نوپۇزلۇق ماتېرىياللارغا ئاساسەن ياكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتتى ۋە بىرلىككە كەلتۈردى.

ئىككىنچى، بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دىكى ئىسىملار ئاساسەن دېگۈدەك بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى، توققۇز كىتابنىڭ تەھرىرى بىرلىكتە ئاتالغۇ، ئىسىملارنى قانداق ئېلىش، ئىزاھاتلارنى قايسى تەرىقىدە ئىزاھلاش ۋە شۇنىڭغا ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى ھەمدە تەھرىرلىك جەريانىدا يولۇققان بەزى مەسىلىلەرنى ئورتاق پىكىرلىشىپ ھەل قىلدى. بۇ توققۇز كىتابنىڭ تەھرىرلىك سۈپىتىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈرۈلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۈچىنچى، ئەسلىدىكى كىتابتا خاتا تەرجىمە قىلىنغان ياكى چۈشۈپ قالغان بەزى مەزمۇنلار بۇ قېتىمقى نەشرىدە توغرىلاندى ياكى تولۇقلاندى.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ دەسلەپكى نەشرىدە قىسمەن مەزمۇنلار خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالغان ياكى تەرجىمە جەريانىدا چۈشۈپ قالغان. بۇ قېتىملىق يېڭى نەشرىدە بۇنداق مەزمۇنلار ئەسلىي خەنزۇچە كىتابقا ئاساسلىنىپ توغرىلاندى ۋە تولۇقلاندى، بۇ ئارقىلىق كىتابنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» نىڭ يېڭى نەشرىدە، ئىلگىرى نەشر قىلىنمىغان ئۈچ كىتاب قوشۇپ نەشر قىلىندى. يەنى «يېڭى تاڭنامە»، «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلار يېڭىدىن نەشر قىلىندى.

بۇ قېتىمقى يېڭى نەشردە، ئېلىمىز تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مىڭ يىللىق تارىخ خاتىرىلەنگەن «يېڭى تاڭنامە»، «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلار يېڭىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئۈچ كىتاب ئىچىدىكى «يېڭى تاڭنامە»نىڭ مەزمۇنى «غەربىي يۇرتنىڭ ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى كۆپ ھەم تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن» ئەسەر «يېڭى تاڭنامە»دىكى غەربىي يۇرت ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە، غەربىي يۇرت بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە، شۇنداقلا خەنزۇلار بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىرىگە دائىر يۈز نەچچە پارچە ماتېرىيالنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن تەركىب تاپقان[1]. «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى»دىكى ماتېرىياللار جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىن تاللاپ رەتلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى غەربىي يۇرت رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مىللەت، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار تەرجىمە قىلىندى[2]. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى ماتېرىياللار جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تىنىش بەلگىلىك نۇسخىدىن تاللاپ چىقىلغان غەربىي يۇرت ۋە تۈركىي خەلقلەرگە، موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە موڭغۇللارغا، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە، شۇنداقلا خەنزۇلار بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە موڭغۇللار مۇناسىۋىتىگە دائىر 200 نەچچە پارچە ماتېرىيالنىڭ تەرجىمىسىدىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تاتارلار تەزكىرىسى»، «ئۇيراتلار تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I »، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى II » ۋە «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى IV » لەر پۈتۈن جىلدى بىلەن تولۇق تەرجىمە قىلىنغان[3].

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئۈچ كىتابتىكى مەزمۇنلارمۇ ئىلگىرى نەشر قىلىنغان كىتابلارغا ئوخشاشلا ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئائىت ماتېرىياللار تاللاپ، رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا ئۆرۈلدى، ئاندىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. شۇڭا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ كىتابلانى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭدەك، كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان تەرجىمانلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىدىغان كەسپى، تەرجىمە سەۋىيەسى ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىتابتا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان، شۇڭا مەزكۇر كىتابلارنىڭ تەھرىرلىرى بۇ كىتابنى تەھرىرلەشتە زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئومۇمەن، بۇ ئۈچ كىتابتىكى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئالدىنقى كىتابلارنىڭكى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بەشىنچى، ئىزاھاتلاردىكى خاتا يېزىلىپ قالغان خەنزۇچە خەتلەر، ئىسىملاردىكى خاتالىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

بۇ كىتابلاردا ھەر بىر باب مەزمۇن بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭ ئىچىدىكى ئىزاھلاش زۆرۈر بولغان كىشى ئىسىملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، يەر - جاي، تاغ - دەريا ناملىرى ۋە ئاتالغۇلار توغرىسىدا بىر قاتار ئىزاھلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ قېتىملىق نەشرىدە ئالدىنقى قېتىملىق نەشرىدە خاتا كېتىپ قالغان جايلار بىردەك توغرىلىنىپ، كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى.

ئىسقىسى، بۇ كىتابلارنىڭ قايتىدىن، شۇنداقلا يېقىندىن ئۈچ كىتابنىڭ قوشۇپ نەشر قىلىنىشى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇر تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئەھمىيەتكە ئىگە:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تارىخى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ماقالىلەر يېزىلىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال تەرجىمە قىلىنغان ۋە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا يېزىلغان نوپۇزلۇق ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇچە نەشر قىلىندى ياكى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر تارىخچىلار بۇ ھەقتە ئۈزۈكسىز تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا روياپقا چىقىۋاتقان ئەسەرلەر بىر قەدەر ئاز. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەبلەر مەۋجۇت. لېكىن، مانا مۇشۇنداق پەيتتە، جۇڭگوغا نىسبەتەن نوپۇزلۇق ماتېرىيال ھېسابلىنىدىغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ قىس بولۇشىدەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارىخچىلار، ئۇيغۇر تارىخى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاز

بولسىمۇ قامدىيالايدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى مۇئەييەن نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى غەربىي يۇرتتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ماكانى، پائالىيەت دائىرىسى، ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابلاردا بەزى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ئەھۋالى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پادىشاھ - بەگلەرنىڭ نەسەبى، يىلنامە، بۇرچ - مۆچەل، تارىختا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار قاتارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىققان ئوقۇرمەن تارىختىكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئەھۋالىدىن مول تارىخىي پاكىتقا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ناھايىتى يۇقىرى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدىن غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا يەر - جاي، تاغ - دەرياغا ئائىت بايانلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى دەريا - كۆللەرنىڭ جايلىشىش، تارقىلىش ئەھۋالىغا ئائىت ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى مەخسۇس كىتاب قىلىپ تۈزسىمۇ، بىر كىتاب بولۇپ چىقىدۇ. بۇ كىتابلاردىكى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ناملىرى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى، تاغ - دەريالارنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىختىكى ھەر خىل نامدا ئاتىلىشى قاتارلىقلار بىزنىڭ بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شۇ جايلاردا قايسى مىللەتلەرنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى، دەريا - كۆللەرنىڭ ئېقىن ئالماشتۇرۇپ يۆتكىلىش ئەھۋالى، يوقىلىپ كېتىشى ياكى يېڭىدىن شەكىللىنىشىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆتىنچى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا تىلغا ئېلىنغان دىۋان - مەھكىمە ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، ئوتۇغات ناملىرى قاتارلىقلار شۇ دەۋردىكى خانلىقلارنىڭ مەھكىمە، ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى تارىخىي ئاتالغۇلارنى تېخىمۇ تولۇقلاشتا ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

«24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا ھەر قايسى دەۋرلەردە تەسىس قىلىنغان دىۋان - مەھكىمىلەرنىڭ ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، ئوتۇغات ناملىرى قاتارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، يەنە كېلىپ بۇ ناملار ھەر قايسى سۇلالە ۋە خانلىق دەۋرىدە ئۆزگىرىپ، تولۇقلىنىپ تۇرغان. شۇڭا، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا تىلغان ئېلىنغان دىۋان - مەھكىمىلەرنىڭ ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، ئوتۇغات ناملىرى ئارقىلىق، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى خانلىقلارنىڭ دىۋان - مەھكىمە تۈزۈمى، ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى، ئوتۇغات بېرىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوخشاشمىغان ناملىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ.

ھازىرقى تارىخ تەتقىقاتى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكى جەريانىدا، تەتقىقاتچىلار، تەرجىمانلار ۋە تەھرىرلەر ئەڭ كۆپ يولۇقىدىغان ۋە ھەل قىلىش ئەڭ تەس بولغان مەسىلىنىڭ بىرى دەل دىۋان - مەھكىمە ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، ئوتۇغات ناملىرى قاتارلىقلارنى قانداق تەرجىمە قىلىش، قانداق ئاتاش مەسىلىسى بولۇۋاتىدۇ. گەرچە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ ھەقتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسى-

مۇ، ئەمما جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇلار تەسىس قىلغان دىۋان ـ مەھكىمە، ئەمەل ـ مەنسەپ، ئوتۇغاتلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە قەرەلسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى قاتارلىقلار ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتىدىكى «ئاتالغۇ قەھەتچىلىكى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. تەھرىرلەرمۇ تەھرىرلىك جەريانىدا بۇ مەسىلىگە ئىزچىل يولۇقۇپ، بۇنداق مەسىلىلەرنى مۇتەخەسسىسلەردىن سوراش، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مۇئەييەن دەرىجىدە تولدۇرۇپ، تەتقىقاتچىلار، تەرجىمانلار، تەھرىرلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى مۇئەييەن دەرىجىدە قاندۇرۇپ، ئاتالغۇلارنى توغرا ئاتاشتا مۇئەييەن ئۆل خاراكتېرلىك رول ئوينىدى.

بەشىنچى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ كۆپىنچىسىدە «ھۇنلار تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى»، «ئوغانلار، سىيانپىيلار تەزكىرىسى»، «تۈركلەر تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق غەربىي يۇرتتا ياشىغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەزكىرىلىرى بېرىلگەن. بۇ تەزكىرىلەر شۇ دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەزكىرىلەردە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھۋالى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تەپسىلىي بېرىلگەندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى، نوپۇسىنىڭ قانچىلىكلىكى، تەۋەلىكىدە قانداق ھايۋانلار ياشايدىغانلىقى، قانداق دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغانلىقىغا ئائىت بىر قاتار ئۇچۇرلار ناھايىتى تەپسىلىي بېرىلگەن. بۇ تەرىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇرچە تارىخىي كىتابلار ناھايىتى ئاز، يەنە كېلىپ بۇنداق تەپسىلىي خاتىرىلەر بېرىلمىگەن. شۇڭا، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان زامان ۋە ماكاندىكى مىللەتلەر ۋە بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىسقىسى، «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىشى تەرجىمىچىلىك ئىشلىرىمىزدىكى كاتتا ئىش. بەلكىم مۇشۇ كىتابلارنىڭ روياپقا چىقىشى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئېھتىياجىنى مۇئەييەن ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىشى ھەمدە نادىر ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.

پايدىلانمىلار:
① شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «يېڭى تاڭنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
② شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
③ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
④ «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ قالغان قىسىملىرى.

(ئاپتور ــ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# رەسۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: راجىم ئابدۇرېشىت

## بەڭگىگە ئېرىقتىكى سۇ دەريا كۆرۈنەر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىزدىن يىراق يۇرتتا بىر مەھەللە بولغانىكەن، ئاشۇ مەھەللىدە سايىم دەپ بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. سايىمنىڭ سەلىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بارىكەن، سەلىم يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، نېمىنى كۆرسە، مەيلى ئۇ ياخشى ئىش بولسۇن، يامان ئىش بولسۇن، قىلىپ باقىدىغان بالا بوپتۇ. سەلىم ئاخىرى نەشە چېكىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋاپتۇ. ئون سەككىز ياشقا كىرگىچە ئۇنىڭغا سەلىم بەڭگە دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سايىم ئوغلىنى ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. ئۇ قەيەرگە ئەلچىلىككە بارسۇن: «ئۇنداق بەڭگىگە بېرىدىغان قىزىمىز يوق» دېگەن دەشنامىنى ئىشىتىپ يېنىپتۇ. ئەلەم تارتقان سايىم ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئەركە چوڭ قىلغانلىقىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ، ئاخىر باشقا بىر يۇرتتىكى سەلىمگە ئوخشاش بىر بەڭگىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن، ئاشۇ بەڭگە قىزىنى سەلىمگە بېرىشكە ماقۇل بولۇپ رازىلىق بېرىپتۇ.

سايىم ئوغلىنى ئاشۇ بەڭگىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويۇپ ئۇھ دەپتۇ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ، ئۇ ئوغلىغا نەشىنى تاشلىغىن دەپ نەسىھەت قىپتۇ، كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ سەلىم ئۈچ بالىلىق بولۇپ، يېشى قىرىققا بېرىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ نەشە چېكىشنى تاشلىماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ سايىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپتۇ، ئۇ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرىمەن، مەن كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى سەن مېنىڭ رازىلىقىمنى ئالاي دېسەڭ، نەشىنى تاشلىغىن، — دەپتۇ.

سەلىم ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئاتىسىدىن رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا جامائەتنى چاقىرىپ چاي ئۆتكۈزۈپ نەشە تاشلىغانلىقىنى ئېيتماقچى بوپتۇ. ئۇ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ جامائەتنى چاقىرىپتۇ. جامائەتنىڭ ئالدىغا داستىخان ساپتۇ، جامائەت داستىخاندىن ياناماقچى بولغاندا، سەلىم:

— ئەي جامائەت، مېنىڭ ئازغىنە تەلىپىم بار ئىدى، جامائەت ئالدىدا ئېيتسام، جامائەت راۋا كۆرسە بىر دۇئا قىلىپ بەرسە، — دەپتۇ. جامائەت ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. سەلىم:

— جامائەت مېنىڭ نەشە چېكىدىغان يامان ئادىتىم بارلىقىنى بىلىدۇ. بۈگۈن مەن جامائەتنىڭ ئالدىدا نەشە چېكىشنى تاشلىغانلىقىمنى جاكارلىماقچى، چۈنكى ئاتامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ قالدى، قازا بۈگۈن يېتەمدۇ، ئەتىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئاتام كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئاتامنى خاتىرجەم قىلمىسام بولمىغۇدەك، — دەپتۇ. جامائەت:

— خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بېرىپتۇ، نەشىنى تاشلىساڭ ياخشى بولغۇدەك، بىز بۇ تەلىپىڭنى قوبۇل قىلىمىز، بىز ساڭا دۇئا قىلايلى، — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. كېسەل ياتقان سايىمۇ ئوغلى سەلىمدىن رازى بولۇپ، رازىلىق دۇئاسى بېرىپتۇ.

سەلىم ئەل - جامائەتنى ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇ خوتۇن - باللىرىنى ئاتىسىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ نەشە خۇمارى تۇتۇپتۇ، ئۇ قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئويلاپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىكى كونا ئۈلپەتلىرىدىن بىرى ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ سەلىمنىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ۋاي بۇرادەر، مىڭ سىر ئۇتتۇرۇپ قويغاندەك بېشىڭ ساڭگىلاپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ سەلىمدىن ئەھۋال سوراپتۇ. سەلىم:

— مىڭ سىر ئۇتتۇرىۋەتكەن بولساممۇ بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەستىم، جامائەتكە چاي بېرىپ چېكىشنى تاشلىۋەتتىم ئەمەسمۇ، شۇنىڭغا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— نېمىنى تاشلىۋەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى.

سەلىم ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپ:

— ئاتامنى رازى قىلىش ئۈچۈن بەڭنى تاشلىۋەتتىم، — دەپتۇ. ئۇ كىشى سەلىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي بۇرادەر، ئاتاڭدىنغۇ رازىلىق ئاپسەن، مەنمۇ شۇنچە يىللار سەن بىلەن ئۈلپەت بولدۇم، مەندىنمۇ رازىلىق ئالامسەن؟ — دەپتۇ.

— سەندىن قانداق رازىلىق ئالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ سەلىم.

— مەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر تارتىشىۋالغىن. شۇنداق قىلساڭ مەنمۇ سەندىن رازى بولاي.

خۇمارى تۇتۇپ ئاران تۇرغان سەلىمغا بۇ گەپ ياغدەك يېقىپتۇ. ئۇ ئۇيان - بۇيان قاراپ بېقىپ باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ: «نەشە چەككىنىمنى ئاتامغا ئېيتىپ قويىدىغان ئادەم يوقكەن» دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ئاشۇ ئۈلپەتنىڭ كەينىگە كىرىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى خالىي بىر جاينى تېپىپ بەڭنى راسا تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇ تارتقىنىچە، ئۇ بىر چېكىم يىمىرىپ سېلىپ، بۇ بىر چېكىم يىمىرىپ سېلىپ: «ئىشقى دەردى بارنىڭ ئىشقى» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىشىپ تۈن نىسپى قىپتۇ، ئاخىر قاتتىق كەيىپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

سەلىم كەيپلىكتە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرسە ئاي نۇرى ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كاڭغا چۈشۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئاي يورۇقىدا ئولتۇرۇپ قورسۇقىنى توقلىماقچى بوپتۇ. ئۇ سېۋەتتىن ئۈچ زاغرىنى ئېلىپ، تۈڭلۈكتىن كاڭغا چۈشكەن ئاي نۇرىنىڭ دۈگىلەك شولىسىنى مىس قاچا دەپ بىلىپ ناننى كېگىز ئۈستىدىكى ئاي شولىسىغا ئۇشتۇپ چىلاشقا باشلاپتۇ. ئۈچ زاغرىنى كېگىز ئۈستىگە قويۇپ يىمەكچى بوپتۇ، بۇ چاغدا ئاي شولىسى سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ كېگىز ئۈستىدىكى ناننى ئاي شولىسى چۈشكەن يەرگە سۈرۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ شۇ ھالەتتە ئاي شولىسى سۈرۈلسە، ناننى سۈرۈپ يەپ قورسىقىنى تويغازغىچە تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئارام ئالماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە سەلىمنىڭ ئاتىسى تۈگەپ كېتىپتۇ. جامائەت سەلىمنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ. سەلىمنى چاقىرغىلى بارغان ئادەم ئەمدى ياستۇققا باش قويغان سەلىمنى ئۇيان تۈرتۈپ، بۇيان تۈرتۈپ تەستە ئويغۇتۇپ:

— ۋاي سەلىم ئاخۇن، شۇنداقمۇ ئۇخلىغان بارمۇ؟ تۇر ئورنۇڭدىن، ئاتاڭ تۈگەپ كەتتى، — دەپتۇ، سەلىم كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە:

— ۋاي نەدە تۈگەپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدە، تېز بولغىن، جامائەت سېنى ساقلاپ قالدى، — دەپ سەلىمنى ئالدىرىتىپتۇ، سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ چاقىرغىلى كەلگەن ئادەم بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەم كۆڭلىدە «سەلىم ئەمدى ئورنىدىن تۇردى، بەلكىم تاھارەت ئېلىۋالار» دەپ ئويلاپ، سەلىمنى ئېتىزلىقنىڭ ئارىسىدىكى سۇ بار ئېرىقنىڭ بويىدىكى يولغا باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇ

ئادەم ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ خېلى مېڭىپ كەينىگە قارىسا، سەلىم يوق. ئۇ كىشى «بەلكىم تاھارەت ئالىمەن، دەپ قالغاندۇ» دەپ ئويلاپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئەمما خېلى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىغان بولسىمۇ سەلىم كەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم: «بۇ سەلىمغا نېمە بولغاندۇ، ئەجەب كەلمەيدىغۇ؟» دەپ كەينىگە يېنىپ بارسا، سەلىم ئېرىق بويىدا چەكچىيىپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئادەم سەلىمنىڭ تاھارەتمۇ ئالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقى كېلىپ:

— ۋاي سەلىم، ئاتاڭ ئۆلۈپ ياتسا، سەن بۇ يەردە نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ تېز بول، ماڭمامسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەلىم:

— ئاتام ئۆلمەپتۇ. سەن مېنى ئەخمەق قىلىپ ئالدىمدىكى دەرياغا غەرق قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بوپسەن، — دەپ يىغلاپتۇ. ئۇ ئادەم سەلىمنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ:

— قېنى؟ نەدە دەريا بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلىم ئالدىدىكى ئېرىقنى كۆرسىتىپ:

— ئالدىمدا دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا بولماي نېمە؟ — دەپتۇ. ئۇ كىشى سەلىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋاي ئەخمەق، بۇ ئالدىڭدىكى دەريا ئەمەس، ئەمەت باينىڭ بېغىنى سۇغۇرىدىغان ئېرىق، بۇ ئېرىق سېنىڭ كۆزۈڭگە دەريا بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ - دە، قارىغاندا يەنە چېكمۇالغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، ئاخشام بىر ئاز چەككەنىدىم، — دەپتۇ سەلىم. ئۇ كىشى:

— سەن تۈنۈگۈن نەشە چەكمەيمەن، دەپ جامائەتكە چاي بېرىپ دۇئا ئالغان ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. سەلىم:

— راست، تۈنۈگۈن شۇنداق قىلغانىدىم، يولدا كېتىۋاتسام ھېلىم بەڭگە ئۇچراپ قالدى، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئۇ كىشى سەلىمنى يېتىلەپ ئېرىقتىن ئۆتكۈزۈپ ئاتىسىنىڭ نامىزىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە سەلىمنىڭ كۆزىگە ئېرىقتىكى سۇنىڭ دەريا بولۇپ كۆرۈنگەنلىك ھېكايىسىنى جامائەتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. جامائەت بۇنى ئاڭلاپ: «بەڭگىنىڭ كۆزىگە ئېرىقتىكى سۇ دەريا كۆرۈنىدىكەن» - دە، دېيىشىپ سەلىمنى مەسخىرە قىپتۇ. سەلىم خەلقى ئالەم ئالدىدا ئىزا - ئاھانەتكە قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:تۇرپان شەھەر يار يېزا قاڭقا مەھەللىسىدىن: ۋايىت ئاخۇن

## تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق بىر ماكاندا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئاشۇ شەھەردە ئەبۇس دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ غەزىنىلىرى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت بىلەن لىق تولغانىكەن. پادىشاھنىڭ مال - دۇنيادىن غەم - ئەندىشىسى يوق ئىكەن. لېكىن يەتتە خوتۇنى بولسىمۇ بىرەر پەرزەنتى بولمىغاچقا، ھەسرەت يۈرىكىنى قۇرۇتتەك يەيدىكەن. پادىشاھ پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك - تۈمەن سەۋەپلەرنى قىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ قىرىق ياشقا كىرگەندە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ خوشاللىقى ئۈچۈن ئۆز تەۋەسىدىكى يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا بىر ھەپتە خالىس داستىخان سېلىپ مېھمان قىپتۇ. بالا تۇغۇلۇپ كۈن - ئايلاپ چوڭ بوپتۇ. بالا يەتتە ياشقا توشقاندا، پادىشاھ پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە بىر ھەپتە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ تويدىن كېيىن، ئۆز تەۋەسىدىكى پالچى - مۇنەججىملەرنى يىغىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— ئەي پالچى، مۇنەججىملەر، بۈگۈن سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىشتىكى مەقسەت، يالغۇز ئوغلۇمنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە پال سالدۇرۇپ، كىتاپ ئاچقۇزۇشتۇر، — دەپ ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

پالچى، مۇنەججىملەر پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پالچىلار پال سېلىش ئۈرۈقلىرىنى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ ئوڭ - سولغا يۆتكەپ، يەنە قوشۇپ، يەنە بۆلسە، مۇنەججىملەر كىتابلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلاپتۇ. پالچىلارنىڭ بىرى ھەممە پالچىلار ئاچقان پاللارنىڭ نەتىجىسىنى خۇلاسىلاپ،

پادىشاھقا:

— بۇ بالىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە بىر نەرسە دېمەك تەس، بەزى ئىشلار قاراڭغۇ تۇردۇ، — دەپ مۇجمەل گەپ قىپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھ مۇنەججىملەرگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپتۇ. مۇنەججىملەرنىڭ پىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھىم، يالغان سۆزلەيمۇ ياكى راست سۆزلەيمۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەئەججۈپلىنىپ:

— راست سۆزلىسەڭ نېمە زىيان، يالغان سۆزلىسەڭ نېمە پايدا؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇنەججىم:

— يالغان سۆزلىسەم، پادىشاھنى ئەخمەق ئېتىمەن، ئۆزۈم ئىنئام ئالىمەن. بىراق، ئۆزۈم يالغانچى بولىمەن؛ راست سۆزلىسەم، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئازار بېرىمەن، لېكىن كۆڭۈللىرى ئازار يېگەن بىلەن بولىدىغان، كېلىدىغان ئىشقا كۆڭۈللىرىدە سان بولىدۇ، ئاشۇ ئىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق قىلالايلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇنەججىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىرھازا ئويلىغاندىن كېيىن:

— يالغان سۆزلىمەي راستىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ. مۇنەججىم:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، خۇدا بۇ ئالەمدىكى ھەممە مەخلۇقاتلارنى ئۆزى ياراتقان، ئاخىر يەنە ئۆزى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچكىشى ساقلىنالمايدۇ. پەرزەنتلىرىمۇ شۇنداق، ئۇ ئون سەككىز ياشقا توشقاندا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىدۇ. بۇ قىسمەت شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن، — دەپ كىتابتىن كۆرگەنلىرىنى ئەينەن پادىشاھقا دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك مېڭىسى ئايلىنىپ، پۈتۈن ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ مىڭ بىر تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەي مۇنەججىم، ئوغلۇمنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ مۇنەججىم

— ئەمىسە سەۋەبىنى ئېيتقىن.

— شاھزادىنى تام بېسىۋالىدىكەن، — دەپتۇ مۇنەججىم.

پادىشاھ مۇنەججىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاھ دەپ ئۆز ئەتراپىغا قاراپ:

— بۇ يەردە ئولتۇرغانلار مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەقىلدارلىرى، بالامنىڭ بۇ تەقدىرىگە بىر نەرسە دەپ، سەۋەب قىلىشقا يول كۆرسەتساڭلار، — دەپتۇ. شۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار.

— بۇ سەۋەبى ئالەم. سەۋەب قىلساڭ بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار، — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئېغىز تەكلىپ بەرسە، بۇ بىر ئېغىز ئەقىل كۆرسىتىپ شاھزادىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىر ھەممىسى شاھزادىنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تامسىز ساراي سېلىپ شۇ يەردە بېقىپ چوڭ قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. بۇ تەكلىپ پادىشاھقا يېقىپتۇ، پادىشاھ پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تامسىز ساراي سېلىش پەرمانىنى جاكارلاپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىلار يىغىلىپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىپتۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ يەتتە خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى خىراج قىلىپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇنەججىملەر ئېيتقان تامسىز سارايىنى ئۈچ يىلدا سېلىپ پۈتكۈزۈپتۇ. بۇ تامسىز سارايغا دەريا قىرغىقىدىن قىرىق بىر تۈۋرۈكلۈك كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۈۋرۈك بىلەن كىرىپ ـ چىقىدىكەن، پەقەت ئاشۇ سارايغا كىرىش بەلگىلەنگەن كىشىلەرلا ئۇ كۈۋرۈكنى كۆرەلەيدىكەن. ئۇ ساراي شۇنداق سىرلىق ساراي بوپتۇكى، سارايىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ پۈتۈن يۇرتنى كۆرۈپ تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن، لېكىن سىرتتا تۇرۇپ سارايىنىڭ ئىچىنى، ھەتتا سارايىنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. سارايىنىڭ ئىچى خۇددى ئىرەمباغدەك بېزەلگەنىكەن. ساراي كېچىسى يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدىكەن، ھەتتا قار ـ يامغۇر يېغىپ، بوران ـ شامال

چىقىپ تۇرىدىكەن. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق ھەشەمەتلىك تامسىز ساراي پۈتكەندىن كېيىن، شاھزادىنى شۇ سارايغا يۆتكەپ كىرىپ قىرىق توققۇز كۈتكۈچىنى نۆۋەت بىلەن قارايدىغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. قىرىق توققۇز ئادەمنى مەخسۇس تاماق توشۇيدىغانغا قويۇپتۇ. شاھزادىگە قىرىق بىر جۈپ قىز - يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇ تامسىز سارايغا كىرگەندىن كېيىنمۇ پادىشاھ ئوردىسىدا تۇرغاندەك، خالىسا قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ قىقاس - چوقانلار بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىكەن، خالىسا قىرىق بىر قىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ بەزمە - مەشرەپ ئوينايدىكەن؛ خالىسا قىرىق بىر جۈپ قىز - يىگىت بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىدىكەن. قىسقىسى، شاھزادە ئۇ تامسىز ساراي ئىچىدە نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدىكەن. ئۇلار ئەشۇنداق ھەشەم بىلەن شاھزادىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شاھزادە ئاشۇ تامسىز ساراي ئىچىدە ئۆزى بىلەن تەڭتۇش قىرىق بىر يىگىت بىلەن غەم - قايغۇسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھزادە ئون سەككىز ياشقا توشۇشقا بىر كۈن قالغاندا، شاھزادە تاماق توشۇغۇچىلارغا:

— سىلەر شاھ ئاتامغا ئېيتىڭلار، ئەتە پولۇ ئېتىپ، پولونى شاھ ئاتام ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاس ئاشپىزىگە مەخسۇس پولۇ ئەتكۈزۈپتۇ. پولۇنى بىر تاۋاققا ئۇستۇرۇپ شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە پولۇنى ئۆزى كۆتۈرۈپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھزادە پولۇنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ شاھ دادىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، پولۇنى يېيىشكە باشلاپتۇ، پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ پولۇ يېيىشىنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىپتۇ. شاھزادىنىڭ قولى پولۇنىڭ ئاستىغا تۆشۈك كولىغان بۆجەندەك كىرىپ كېتىپتۇ، پادىشاھ شاھزادىنىڭ يوقلۇقىغا قىزىقىپ قاپتۇ، شاھزادىنىڭ قولى پولونىڭ ئىچىگە بېغىشى بىلەن تەڭ كىرىپ كېتىپتۇ، شۇ چاغدا پولۇ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. شاھزادىنىڭ قولى ھەرىكەتتىن توختاپ قاپتۇ. پاشاھ چۆچۈپ قارىسا، شاھزادىنىڭ تىنىقى توختاپ قالغانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ زارلانماپتۇ، پادىشاھ شاھزادىنىڭ شۇ كۈندىكى تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلغان - ئەتكەنلىرىنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ:

— ئىنساننىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كەلسىمۇ، لېكىن تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەن، راست، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدىكەن، — دەپ ئوغلىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويۇپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ تامسىز شەھەر ئۆزلىكىدىن يوقاپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن ماقال ئاشۇ پادىشاھنىڭ شۇ كەچۈرمىشىدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا قۇم كارىز مەھەللىسىدىن ئابلىكىم ھەمدۇل)

## كالىنى بۇرنىدىن يېتىلە

بۇندىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا سوپى ئاتلىق بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن. سوپى ئوتۇنچىنىڭ يەتتە بالىسى بار ئىكەن. سوپى ئوتۇنچى كۈندە جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ بالىلىرىنى ھالال ئەمگىكى بىلەن باقىدىكەن. بالىلىرىدىن ئاشقاننى ئىقتىساد قىلىپ يىغىپ قويىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ يىغقان پۇلى خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ پۇلغا بالىلىرىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك تاماق پۇلىنى قوشۇپ، بالىلىرىنى ئۈچ كۈن ئاچ قالدۇرۇپ بىر ئىنەك سېتىۋاپتۇ. ئىنەك سېتىۋالغاندىن كېيىن، سوپى ئوتۇنچىنىڭ ئۆزى يۇدۇپ كېلىدىغان ئوتۇنلىرىنى ئىنەككە ئارتىپ كېلىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھال - ئوقىتى بىر ئاز ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇ ھال - كۈنى ياخشىلانغاندا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئاشقان پۇللىرىنى بۇزۇپ - چاچماي يىغىپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يىغقان پۇللىرىغا بىر «يار - يار ھارۋا»

سىتمۇاپتۇ. «يار ـ يار هارۋا» سىتمۇالغاندىن كېيىن، ئىنەككە ئارتىپ ئەكىلىدىغان ئوتۇننى هارۋىغا بېسىپ ئەكىلىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ سوپى ئوتۇنچىنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا سوپى ئوتۇنچىنىڭ چوڭ ئوغلى قۇرامىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپى ئوتۇنچى ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇللىرىغا باللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. سوپى ئوتۇنچى ئالتە بالىسىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ ئۆي ئايرىپ بەرگۈچە ئۆزى قېرىپ ئەمگەكتىن قاپتۇ. باللىرىدىن ئىشىنالمىغان سوپى ئوتۇنچىغا ئىنەكنى يەڭگۈشلەپ هارۋىنى يېڭىلاشقا ئىمكانىيەت بولماپتۇ.بۇ چاغدا ئۇنىڭ باللىرىمۇ ئۆز باللىرىنى بېقىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا قاريالماپتۇ. قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش كەنجى ئوغۇل ئەتىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەتى كىچىك بولغاچقا، نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەي يۈرۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە سوپى ئوتۇنچى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاتا ـ بالا ئۈچىسى ئىككى كۈن ئاچ قاپتۇ. ئۈچۈنچى كۈنى ئەتى:

— ئەي ئاتا، سىنىڭ كەسپىڭ نېمىدى؟ سىنىڭ كەسپىڭنى مەن قىلسامغۇ جان بېقىپ كېتەرمىز؟ — دەپتۇ. سوپى ئوتۇنچى:

— ئەي ئوغلۇم، مەن ئوتۇنچىلىق قىلاتتىم. سەن كىچىك، بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايسەن، — دەپتۇ.

ئەتى ئوتۇنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن ماقۇل بوپتۇ. ئەتىنىڭ ئاپىسى ئىنەكنى هارۋىغا قوشۇپ بېرىپتۇ. ئەتى جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن تاپالماپتۇ، ئۇ ئوتۇن تاپالمىسىمۇ قۇرۇق كەتكۈسى كەلمەي يانتاق چېپىپتۇ، ئۇ كەچكىچە ئون باغلام يانتاق چېپىپ هارۋىغا بېسىپ بازارغا كەپتۇ. ئۇ چاپقان يانتىقىنى سېتىپ پۇلىغا ئازراق يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ:

— ئەي ئاتا، جاڭگالدا ئوتۇن يوقكەن، سەن ئوتۇننى نەدىن ئالاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. سوپى ئوتۇنچى ئۇنىڭغا:

— جاڭگالدا ئوتۇن يوق، شۇڭا مەن سېنى كىچىك، بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايسەن دېگەنىدىم، — دەپ هەسرەت چېكىپتۇ.

ئەتى ئاتىسىنىڭ ئۆزىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ ئاتىسىدىن كوچىلاپ سوراپتۇ، ئاتىسى ئېيتىپ بەرمەپتۇ. ئەتى ئۈچ كۈن جاڭگالغا بېرىپ ئۈچ كۈندىلا يانتاق ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئاخىر ئۇ ئاتىسىغا:

— ئەگەر ئوتۇن بار يەرنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ، ئەتىدىن باشلاپ ئۆيدىن چىقماي ياتىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. سوپى ئوتۇنچى ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سەندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

— ئاتا، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەتى.

— مەن ئوتۇن بار يەرنى ئېيتىپ بەرسەم، سەن شۇ يەرگە بارسەن، ئۇ يەرگە بارساڭلا خەتەرگە يولۇقماي قالمايسەن، چۈنكى ئوتۇن بار يەرنىڭ يولى تولىمۇ خەتەرلىك، — دەپتۇ سوپى ئوتۇنچى.

— ئەي ئاتا، هەرقانچە يامان بولسىمۇ ئۆتكىلى بولار، — دەپتۇ ئەتى.

— كۈندە پەقەت بىر نۆۋەت بېرىپ كېلەلەيسەن، ئۇنداق ئۆتكىنىڭدىن يانتاق چاپقىنىڭ تۈزۈك.

— هارۋا بىلەن بارسام بولمامدۇ؟

— هارۋا بىلەن بارساڭ بولىدۇ، هارۋىغا ئوتۇن بېسىپ قويساڭ قايتىپ كېلەلمەيسەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئەتى.

— كالا تولىمۇ ئورۇق، ئاجىز، هارۋىغا ئوتۇن بېسىپ قويساڭ، يامان داۋاندىنغۇ چىقارسەن، تەتۈر داۋاندىن قانداق قىلارسەن، شۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

ئەتى ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئوتۇن بار يەرنى بىلىۋاپتۇ. ئۇ ئەتىسى سەهەردە ئىنەكنى يار ـ يار هارۋىغا قوشۇپ ئاتىسى ئېيتقان جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ هەمدە چاشكا بىلەن تەڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتىسى دېگەندەك قېرى ئىنەك

قۇرۇق ھارۋا بىلەن ئەتىنى تەتۈر داۋان بىلەن يامان داۋاندىن تەستە ئۆتكۈزۈپ ئوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەتى جاڭگالدىكى ئوتۇنلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ. ئۇ خوشاللىقىدا ھارغىنلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ھارۋىسىغا لىق ئوتۇن بېسىپتۇ. ئۇ ئوتۇننى بېسىپ بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى يادىغا ئاپتۇ. لېكىن ھارۋىغا بېسىپ قويغان ئوتۇننى چۈشۈرۈۋەتكۈسى كەلمەپتۇ.

ئۇ كالىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. قېرى ئىنەك ئېغىر يۈكنى سۆرەپ پۇشۇلدىغىنىچە بىر قەدەم ـ بىر قەدەم مېڭىپ يامان داۋاننىڭ تۆۋىگە يېتىپ كەپتۇ. ئەتى ھارۋىدىن چۈشۈپ كالىغا ياندىش بولۇپ ھارۋىنى تارتىپتۇ. قېرى ئىنەك بىر ـ ئىككى قەدەم مېڭىپ پۇشۇلدىغىنىچە توختىۋېلىپ ئىككى يېنىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ تۇرىۋاپتۇ. ئەتىمۇ ئىنەككە قاراپ بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋاپتۇ. كالا يەنە ئۈچ ـ تۆت قەدەم يۇقىرى ئۆرلەپ توختاپ قاپتۇ. شۇ ھالەتتە مېڭىپ يامان داۋاننىڭ قاپ بېلىگە يېتىپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا كالا ئالدىغا تارتسا، ھارۋا كەينىگە سۆرەپتۇ. كالا تىرەجەپ پۇتلىرى پۈكلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەتىنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، يول بويىدا تاشلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ ھارۋىنىڭ چاقىغا تىرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھارۋا كالىنى كەينىگە سۆرەشتىن توختاپتۇ. شۇ چاغدا ئەتى بىر ئەقىل تېپىپ ئۇزۇن بىر تال چىۋىقنى ئېلىپ ھارۋىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ كالىنىڭ ساغرىسىغا چىۋىق سانجىپ ھەيدەپتۇ. كالا ئالدىغا ماڭسا، ھارۋىنىڭ چاقىغا تىرەيدىغان تاشنى تەييار قىلىپ ئۆمىلەپ مېڭىپتۇ، شۇ ھالەتتە يامان داۋاندىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈۋاپتۇ.

ئەتى يامان داۋاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن تەتۈر داۋانغا قەدەم بېسىپتۇ. داۋان تەتۈر بولغاچقا، ھارۋىنى كالىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھەيدەشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنداق قىلمىسا داۋان بىردە ئوڭغا بۇرۇلسا، بىردە تەتۈرگە بۇرۇلىدىكەن. شۇڭا تەتۈر داۋان دەپ ئاتالغان ئىكەن. سەللا دىققەت قىلمىسا كالا جىراغا چۈشۈپ ھالاك بولىدىكەن. ئەتى قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھارۋىنى تارتالماي تۇرغان ئىنەك، يول ياقىسىدىكى بىر تۈپ لوڭقاقتا بويۇن سوزۇپ ئىككى قەدەم مېڭىپ لوڭقاقنى يالماپ يەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەتىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، دەرھال ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ كەينىگە يوغان ئىككى تاشنى تىرەپ قويۇپ ئەتراپىغا قاراپتۇ. ئۇ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە كۆكىرىپ تۇرغان ئوتنى كۆرۈپ خوشال بوپتۇ. شۇ يەرگە بېرىپ بىر قولتۇق ئوت يۇلۇپ كەپتۇ. ئۇ ئىنەكنىڭ نوقتىسىنى تۇتۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ، قولتۇقىدىكى ئوتتىن بىر تۇتام ئېلىپ ئىنەككە پۇرۇتۇپ تارتىۋاپتۇ. ئىنەك ئوتنى يەيمەن دەپ ئالدىغا مېڭىپتۇ، ئەتى ئىنەككە ئوتتىن بىر چىشلەم چىشلىتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەتى قولتۇقىدىكى ئوت تۈگىگىچە ئىنەكنى بىر قەدەم ـ بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدۇرۇپ تەتۈر داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى شۇ جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ ئىنەككە ئوتنى پۇرۇتۇپ داۋانلاردىن بىخەتەر ئۆتۈپ، ئوتۇننى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. ئۇ پۇلى كۆپەيگەندە ئاتىسىنى داۋالىتىپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ياخشىلاپتۇ. سوپى ئوتۇنچى تۇرمۇشىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، سەن شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تېپىۋاتىسەن، — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا، ئۇ پۇللارنى مەن ئوتۇن سېتىپ تاپتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەتى.

— سەن شۇنچە كۆپ ئوتۇنلارنى نەدىن ئېلىپ كېلىۋاتىسەن، — دەپ سوراپتۇ سوپى ئوتۇنچى.

— مەن ئوتۇنلارنى تەتۈر داۋان بىلەن يامان داۋاننىڭ كەينىدىن ئېلىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەتى.

سوپى ئوتۇنچى ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئىشەنمەي:

— سەن يامان داۋان بىلەن تەتۈر داۋاندىن قانداق ئۆتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەتى:

ــ مەن ئۇ يەردىن كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەپ ئۆتىمەيمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
سۈپى ئوتۇنچى ئوغلىنىڭ بۇ جاۋابىغا ئىشەنمەي:
ــ كالىنى بۇرنىدىن تارتساڭ كەينىگە شوخ-شۈيدىغان تۇرسا، ئۇ يەردە قانداق كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەيسەن، ــ دەپتۇ.
ــ ئىشقىلىپ، مەن ئۇ يەردىن كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەپ ئۆتمەيمەن، ــ دەپتۇ ئەتى.
سۈپى ئوتۇنچى ئوغلىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئارىدىن ھەپتە، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئوغلىنىڭ كالىنى بۇرنىدىن قانداق يېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئوغلى بىلەن بىرگە جاڭگالغا بارماقچى بولۇپ:
ــ ئوغلۇم، بۈگۈن مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە ئوتۇنغا باراي، ــ دەپتۇ، ئەتى:
ــ ئاتا، جاپا چېكىپ نېمە قىلارسەن؟ ــ يا مەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتامسەن؟ ــ دەپتۇ، سۈپى ئوتۇنچى:
ــ مەن سېنىڭ كالىنى بۇرنىدىن يېتىلىگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي دېمەن، ــ دەپتۇ.
ئەتى ئاتىسىنىڭ جاڭگالغا بىرگە بېرىشىغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ، ھارۋىغا بىر قولتۇق ئوتنى سېلىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار جاڭگالغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئەتى ئوتنى كالىغا سېلىپ بەرمەي بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپتۇ، سۈپى ئوتۇنچى بۇنى كۆرۈپ:
ــ ئوغلۇم، ئوتنى كالىغا نېمىشقا سېلىپ بەرمەيسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ ئوت كېيىن لازىم بولىدۇ، ــ دەپتۇ ئەتى.
ئەتى ھارۋىغا ئوتۇننى بېسىپ:
ــ ئاتا، سەن ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغىن، ــ دەپتۇ، سۈپى ئوتۇنچى:
ــ بۇ ئىنەك مۇشۇ ھارۋىنى سۆرەپ چىقىپ كەتسە چوڭ گەپ، ــ دەپ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئەتى:
ــ ئەگەر، ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرمىساڭ كالىنى ئورنىدىن تەۋرەتمەيمەن، ــ دەپتۇ.
سۈپى ئوتۇنچى ئىلاجسىز ئوغلىنىڭ گېپىگە كىرىپ ھارۋىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن قورققىنىدىن: «سۇبھان ئاللا، سۇبھان ئاللا» دەپ مېڭىپتۇ.
ئەتى ئىنەكنى ھەيدەپ يامان داۋان تۈۋىگە كەپتۇ. ئىنەكنى يۇقىرى قاراپ ھەيدەپتۇ. ئىنەك يۇقىرى ئۆرلەپ ماڭالمايدىغان ھالەتكە كەلگەندە، ئەتى كالىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قولتۇقىدىكى ئوتتىن بىر تۇتامنى ئېلىپ كالىغا پۇرىتىپ تارتىۋاپتۇ. كالا ئوتنى يېيمەن دەپ ئالدىغا مېڭىپتۇ، كالا يېنە توختاپ قاپتۇ، ئەتى ئوتنى يەنە پۇرىتىپتۇ، كالا يەنە مېڭىپتۇ، سۈپى ئوتۇنچى بۇنى كۆرۈپ:
ــ ئەي ئوغلۇم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ ئەي ئاتا، كالىنى بۇرنىدىن يېتىلىگىنىم مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ ئەتى.
سۈپى ئوتۇنچى ئوغلىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ ئوغلىدىن خاتىرجەم بوپتۇ ھەم بۇ ساۋاقنى باشقىلارغا ساۋاق ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىپ:
ــ كالىنى بۇرنىدىن يېتىلە، دېگەن ئەنە شۇ، ــ دەپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «كالىنى بۇرنىدىن يېتىلە» دېگەن ھېكمەت ئاتا ـ بالا ئوتۇنچى سۈپى بىلەن ئەتىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قالغانىكەن.
(ئېيتىپ بەرگۈچى تورپان شەھەر يار يېزىسىدىن سۇلايمان سادىق)

پۇل بار چاغدا ملك دوست، پۇل يوق
چاغدا قېنى دوست

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن بىزدىن يىراق ماكاندىكى شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن لىق تولغانىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ بىر يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئوغلىنى يالغۇز ئوغۇل دەپ تولىمۇ ئەركە ئۆستۈرۈپتۇ. بالا مەكتەپ يېشىغا توشقاندا ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس خەلپەت تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە خەلپەتتىن تەلىم ئالماقتا يوق، بىردە

خەلپەتنىڭ چورىقىنىڭ ئىچىگە چارپاي ئاسمان تۆكۈپ قويسا، بىردە خەلپەتنىڭ سەللىسىنىڭ پەتاسىغا ئوت يېقىپ ئاۋارە قىلىدىكەن. بىردە خەلپەتنىڭ پەشمىتىنىڭ ئىچىگە پاقا، چاشقان تىقىپ قويىدىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ. خەلپەت پادىشاھدىن قورقۇپ شاھزادىگە تەنبىھ بېرەلمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلپەت سەھەر ئورنىغا كىرىپ شاھزادىگە تەلىم بەرمەكچى بوپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ خاس دوستلىرى بىلەن قاتار ئولتۇرۇپ خەلپەتتىن تەلىم ئالماقچى بوپتۇ. خەلپەت ئەمدى كىتابىنى ئېچىشىغا شاھزادە خەلپەتنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىۋېتىپ، خەلپەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سەللىسىنىڭ پەتتاسىغا ئوت يېقىپ:

— ئاخۇنۇم سەللا ـ لىرىنىڭ پەتتالىسىغا ئوتلار تۇتاشتى، — دەپ خەلپەتنى دوراپ «قىرائەت» قىپتۇ.

خەلپەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چورۇقىنى پۇتىغا ساپىقانىكەن، چورۇق ئىچىگە تۆكۈپ قويغان چارپاي ئاسمان خەلپەتنىڭ پۇتىغا سانجىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلپەتنىڭ سەۋرى قاچىسى تېشىپ، سەللىسىگە تۇتاشقان ئوتنىمۇ ئۆچۈرمەي، چورىقىنىمۇ كەيمەي:

— داد پادىشاھىم، داد، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ.

پادىشاھ بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆز ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپ:

— تېز ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، تېز بولۇڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان نۆۋكەرلەر خەلپەتنىڭ ئۈست ـ بېشىغا تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ. خەلپەت پادىشاھنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي خەلپەت، ئۆزۈڭگە ئوت قويغۇدەك ساڭا نېمە دەرد كەلدى، — دەپ سوراپتۇ، خەلپەت:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئېيتىشقا تىلىم كۆيمىدۇ، — دەپتۇ.

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا كەچتىم، ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشاھ. خەلپەت:

— مەن بۇندىن كېيىن شاھزادىگە ئىلىم بېرەلمىگىدەكمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ شاھزادە مېنى تىرىك كاۋاپ قىلىۋەتكۈدەك، — دەپ شاھزادىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى شىكايەت قىلىپ، قان تېمىپ تۇرغان پۇتىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ خەلپەتنىڭ پۇتىدىكى قاننى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ چۆچۈپ سوراپتۇ. خەلپەت:

— شاھزادە كۈندە چورۇقۇمنىڭ ئىچىگە چارپاي ئاسمان قاچىلاپ قويىدۇ. بۈگۈن سەللەمگە ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن، قورقۇپ كېتىپ چورۇقۇمنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان چارپاي ئاسماننى تۆكۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپلا پۇتۇمنى چورۇققا تىقىپتىمەن، پۇتۇمغا چارپاي ئاسمان سانچىلىپ كەتتى، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

پادىشاھ بۇ خەلپەتكە نۇرغۇن ئۆزۈرخاھلىق ئېيتىپ، ئىنئام بېرىپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. كېيىن باشقا بىر خەلپەت تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ئۇ خەلپەتنىمۇ ئىلگىرىكى ئۇسۇل بىلەن يولغا ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ شاھزادىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە خەلپەت تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە بىرىنىمۇ تۇرغۇزماپتۇ. شاھزادىنىڭ يامان نامى شەھەرگە تاراپ ئاخىر ئۇ شەھەردىن شاھزادىنى ئوقۇتقان خەلپەت چىقماي قاپتۇ. پادىشاھمۇ ئامال قىلالماي شاھزادىنى ئوقۇتۇشتىن توختاپ قاپتۇ. شاھزادە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاس دوستلىرى بىلەن ئويناپ كۈلۈپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھزادە ئون سەككىز ياشقا توشقاندا پادىشاھ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى يالغۇز ئوغۇل دەپ تولىمۇ ئەركە چوڭ قىلىۋېتىپتىمەن. شۇ ۋەجىدىن سېنى ئوقۇتالمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ پۇشايمان يەيمەن، پۇشايمان يېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. سەن ئەمدى بولسىمۇ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىساڭ، مەن سېنىڭ كېيىنلىكىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ:

— ئەي ئاتا، مەن سودىگەرچىلىك قىلسام دەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— بولىدۇ، ئوغلۇم، مەن شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىسىدىن ساڭا دۇكان ئېچىپ بېرەي، سەن قانداق سودا قىلساڭ قىل، ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتمۇ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ئاتا، بۇ شەھەردىكى سودىلار ماڭا ياقمايدۇ. مەن كارۋان تارتىپ باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ سودا قىلساممىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قاپتۇ?ئاخىر باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرسە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يول تېپىۋالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، شاھزادىنىڭ كارۋان تارتىپ سودا قىلىشىغا قوشۇلۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ يۈز ئاتقا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇن يۈكلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ اھزادىنى يولغا سالغىچە:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىقىشىڭ، يولدا كۆپ ئېھتىيات قىلغىن، بىزنىڭ شەرقىي تەرىپىمىزدە بىر شەھەر بار، ئاشۇ شەھەردە سودا ناھايىتى قىزىيدۇ، سېنىڭ تۇنجى قېتىم سودىغا چىقىشىڭ، شۇڭا ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ سودىنى تېز تۈگىتىپ، تېز قايتىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شەرقتىكى ئاشۇ شەھەرگە بېرىپتۇ، ئۇ شەھەرگە بېرىپ ھەشەمەتلىك سارايغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى سودا قىلىشنى خىيال قىلىپ بازارغا چىقىپتۇ?ئۇ ئىلگىرى ھېچبىر ئىنى قىلىپ باقمىغاچقا نەدە، قانداق سودا قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي كېتىپ بارسا، بىر ئادەم كېلىپ:

— ئەي بەگزادە، سەن بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، مەن بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— نېمە ئىش قىلغىلى كەلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

— مەن سودا قىلغىلى كەلگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— سودا قىلغىلى كەلگەن بولساڭ ھېساب ـ كىتاب قىلىشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم. شاھزادە:

— مەن ئوقۇمىغان، ھېساب ـ كىتاب قىلىشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— ساڭا ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان چاكار لازىم بولىدىكەن، بىرى يېتىشمەيدۇ، شۇڭا ئۈچىنى تېپىپ بېرەي، بۇ شەھەردە سودا بەك قىزىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بوپتۇ، ئۇ ئادەم يەنە:

— سەن سودا قىلماقچى بولساڭ كىرىم ـ چىقىم خاتىرلەشنى بىلەمسەن، — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— مەن خەلپەتنىڭ سەللىسىنىڭ پەتتاسىغا ئوت قويۇۋېتىپ ئوقۇمىغان، شۇڭا خاتىرلەشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئۈچ ھېساب ـ كىتاب قىلغۇچىغا ئۈچ خاتىرلىگۈچى يېتىشمەيدۇ، ئۇن خاتىرىلىگۈچى تېپىپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ. شاھزادە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ كىشى يەنە:

— سەن شۇنچە چوڭ سودا قىلىدىغان ئادەم، ھامماللىرىڭ باردۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— مەن ئىلگىرى ھېچ ئىش قىلىپ باقمىغان، ھامماللىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ. ئۇ ئادەم:

— سېنىڭ شۇنچە كۆپ مال ـ مۈلكۈڭنى ئارتىدىغان، چۈشۈرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ، ھامماللىدىن يۈزنى تېپىپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بوپتۇ .شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم شاھزادىگە ھېسابچى، خاتىرىلىگۈچى، ھاممال، ئاش-

پەز، سازەندە، ئۇسۇلچى، ئات باقار بولۇپ ئۈچ يۈز ئادەم تېپىپ بەرمەكچى بوپتۇ. شاھزادە ماقۇل بوپتۇ.

ئۇ ئادەم شاھزادە بىلەن خوشلۇشۇپ ئۆزى دېگەن ئادەملەرنى تېپىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنى سارايدا كۈتمەكچى بوپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي ئۇ ئادەم دېگەن ئادەملەرنى باشلاپ كەپتۇ. شاھزادە يات بىر شەھەردە شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم:

— ئەي بۇرادەر، مەن ئادەملەرنى باشلاپ كەلدىم. سەن بۇلار بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن بىرەر نۆۋەت داستىخان سالارسەن، — دەپتۇ. شاھزادە داستىخان سېلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئويۇن - تاماشا باشلىنىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغىنىچە شاھزادە ئۇلار بىلەن دوست بولۇشۇپ سودا قىلىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۈچ ئاي ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ يۈز ئاتتىكى مال - دۇنيانى تۈگىتىپ، ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ دوست تۇتۇپ ئۆز شەھىرىگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، قىلغان سوداڭ قېنى، — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە:

— ئەي ئاتا، ئۇ شەھەرگە بېرىپ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ دوست تۇتتۇم. ئاشۇ دوستلىرىم بىلەن يېدىم، ئىچتىم، ئوينىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان ماللىرىم تۈگىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە يەنە كارۋان تارتىپ سودا قىلىشقا چىقماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ ئۈچ يۈز خېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇن ئارتىپ بېرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، شەھىرىمىزنىڭ غەربىدە بىر شەھەر بار، سەن بۇ نۆۋەت ئاشۇ شەھەردە سودا ئوبدان بولىدۇ، شۇ شەھەرگە بارغىن، — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاتىسى دېگەن شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ شەھەرگە يېتىپ بېرىپ يەنە ئىلگىرىكىدەك ھېساباتچى، خاتىرىلىگۈچى، ھاممال... دەپ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ ئادەمنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ، ئېلىپ بارغان مال - دۇنياسىنى تۈگىتىپ ئۆز شەھىرىگە ئۈچ ئايدىن كېيىن قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇ نۆۋەتمۇ ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھزادە ئىلگىرىكىدەكلا جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ.

شاھزادە ئۈچىنچى قېتىم سودا قىلغىلى چىقماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ئۈچ يۈز تۆگىلىك مال - دۇنيا تەييارلاپ، ئۆز شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۇ شەھەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىكى ئىككى نۆۋەتتىكىگە ئوخشاش ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ ئادەمنى يىغىپ، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ، مال - دۇنياسىنى تۈگىتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ.

بۇ نۆۋەت پادىشاھ خاپا بولۇپ كايىغانىكەن، شاھزادە:

— جاھاندا دوست تۇتقاندىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىش بولامدۇ، ھەرقانداق ئىش دوستلارسىز بولامدۇ؟ — دەپ ئۆز گېپىنى قىپتۇ. پادىشاھ ھەرقانچە قىلسىمۇ شاھزادە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. بۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەمدى سەن قۇرۇق قول بېرىپ باق، دوستلىرىڭنىڭ سېنى بىر كۈن باققانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاتىسىدىن رەنجىپ:

— ئۇ دوستلىرىمنى مەن ئۈچ ئايدىن بېرى بېقىپ مېھمان قىلدىم، ئۇلار مېنى بىرسى بىر ئايدىن باقسىمۇ بىر ئۆمۈر باقىدۇ، — دەپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە شۇ ماڭغىنىچە ئۆزى تۇنجى قېتىم بارغان شەھەرگە بېرىپ دەسلەپ ئۇچراشقان دوستىنى تېپىپ ئەھۋاللىشىپتۇ. ئۇ دوستى كاتتا باي

بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ئەھۋاللىشىپ گەپ ئارىلىقىدا شاھزادە ئۆزىنىڭ ئورنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دوستىنىڭ چىرايى دەرھال تۇتۇلۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ دوستى:

— ئەي دوستۇم، مېنىڭ سەھرادا سەكسەن ياشقا كىرگەن بىر ئانام بار ئىدى، بۈگۈن تۈگەپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن شۇ شەھەرگە بارمىسام بولمايدۇ، سەنمۇ بىللە بېرىشىپ بېرەمسەن ياكى باشقا دوستلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇپ تۇرامسەن؟ — دەپ، يوق سەۋەبنى كۆرسىتىپ ئۆيىدىن قوغلاپتۇ.

شاھزادە ئۆزىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چاندۇرماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ خاپىچىلىقتا كېتىپ بارسا، كوچىدا يەنە بىر دوستى ئۇچراپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ، ئۇ دوستى شاھزادىنى تونۇماسقا سېلىپ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا:

— قاراڭلار، ماۋۇ قەلەندەر كىمگە سالام بېرىۋاتىدۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

شاھزادە بۇ ئىزا - ئاھانەتكە چىداپ يەنە بىر دوستىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپتۇ. ئۇ دوستى دەرۋازىسىنى ئېچىپ:

— ئەي قەلەندەر، سەن بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسىنى بىلمەمسەن؟ بىلمىسەڭ ئېيتىپ بېرەي، بۇ شەھەردە پېشىندىن كېيىن سەدىقە بېرىلمەيدۇ، — دەپ ئىشىك تۈۋىدىنلا قوغلىۋېتىپتۇ.

شاھزادە شۇ ھالەتتە بۇ شەھەردە تۇتقان ئۈچ يۈز دوستىدىن تىل - ھاقارەت، دەشنام ئىشىتىپ، دوستلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ.

ئۇ قورساق كۆپىكىدە ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. لېكىن جان تاتلىق كەپتۇ.

ئۇ ئىككىنچى قېتىم سودىغا بارغان شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەرگە بېرىپمۇ ئوخشاشلا ئەھۋالغا ئۇچراپتۇ.

ئاخىر ئۈچىنچى شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ يەردىمۇ ھېچقايسى دوستى تونۇشلۇق بەرمەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېلىۋالغان پۇللىرى تۈگەپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئۇ ئىلاجسىز تىلەمچىلىك قىلا - قىلا ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەلگۈچە ئۈست - بېشىدىكى كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپتۇ. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ رەسمىي دىۋانە سىياقىغا كىرىپ قاپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا كىرمەكچى بولغانىكەن، ياساۋۇللار ئۇنى توسۇۋېلىپ كىرگۈزمەپتۇ. بۇ ئىش شاھزادىگە تېخىمۇ ئەلەم قىپتۇ. ئۇ ئاخىر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا شاھزادە زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ:

— پۇل - مال بار چاغدا مىڭ دوست ئىدۇق، پۇل بولمىغۇدى بىرىمۇ مېنى تونۇمىدى، — دەپ ئاتىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلىپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ دىۋانە ئەمەس ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئوغلىنىڭ ئۆز ئەقلىسىزلىكىنى بىلىپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

پادىشاھ كېيىن ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يىغىنچاقلاپ باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن: «پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست؟» دەپتۇ.

شاھزادىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، بىكار ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قايتىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست» دېگەن ماقال ئاشۇ پادىشاھ بىلەن شاھزادىنىڭ كەچۈرمىشىدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا قۇمكارىز مەھەللىسىدىن ھۇشۇر ھەمدۇل)

(توپلاپ رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرىي

# بەھرام ۋە زۇھرا

ناتىقلار بوستانىنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىلىرى يېڭى رىۋايەتلەرنى كەلتۈرۈپتۈكى، بىر مەملىكەت بار بولۇپ، ئېتىنى گىلانە دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئادالەت يولىنى تۇتقان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە پۇقرالىرىغا ئىنتايىن مېھرىبان ئىكەن. ئۇنىڭ بەھرام ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئىنتايىن قامەتلىك ھەم خۇش چىراي ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن، ئۇنى بىلىملىك بىر ئۇستازغا تاپشۇرۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ زۇھرا ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇمۇ بىر ئۇستازنىڭ قولىدا بەھرام بىلەن بىرگە ئوقۇپتۇ. ئۇلار مەكتەپتىن ئازات بولسىلا بىللە ئويناپ يۈرۈپ بىر ـ بىرلىرىگە ئېچىكىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارا ـ بارا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا ئاشىقلىق ۋە مەشۇقلۇق ھېسسىياتى پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشقىنىڭ ئاپتىپى شادلىق ئاسمىنىدىن باش چىقىرىپ، شولىسى كۆڭۈلنىڭ قۇياشىنى قىزىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىن خىجالەت پەردىسى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئىپارنىڭ ھىدىنى مەخپىي ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، مۇھەببەت ئىشىدىمۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ھۆكۈم بىلەن توسقىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، بۇلار شۆھرەت تاختىسىغا ئۆز سۈرەتلىرىنى سىزىپتۇ، بالاغەتكە يەتمەستە گەپ ـ سۆزلەردىن خالىي بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە بالاغەتكە يېتىپ، ھەر تەرەپتىن ئۇلار توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەك پەيدا بوپتۇ. چوڭلار ھەر قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئەسلا پايدىسى بولماپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېتىپتۇ. ئاقىۋەت ۋەزىرمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، زۇھرانى ھۇجرىسىغا سولاپ قويۇپتۇ. بەھرام بولسا مۇھەببەت مەكتىپىدە، ئۇنىڭ ئىشقى پىراق دەرسىنى داۋاملىق ئوقۇپتۇ. ئۇ زۇھرانىڭ دىدارىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، ئەقلىدىن ئېزىپ، ئىلىم ئۆگىنىشتىنمۇ مەھرۇم بوپتۇ. زۇھرامۇ يالغۇز ئۆيگە سولانغاندىن كېيىن، بەھرامنىڭ دەرد ـ پىراقىدا تېخىمۇ كۆيۈپ پۇچىلىنىپتۇ.

كۇنلەردىن بىر كۇنى، زۇھرا سەۋرىنىڭ پەردىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ، ئىختىيارسىز ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، مەكتەپكە بېرىپتۇ ـ دە، بەھرام بىلەن كۆرۈشۈپ، ھىجران ئازابى تارتقىنى توغرۇلۇق دەرد ـ مۇڭ تۆكۈپتۇ. بەھرامىمۇ بىتاقەتلىك-

نى بايان قىپتۇ. ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ، زار - زار يىغلىشىپ تۇرغاندا، خىزمەتكارلار ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ۋەقەنى دەرھال ۋەزىرگە مەلۇم قىپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، زۇھرانى تۇتۇپ ئەكېلىپ يەر ئاستىدىكى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ، بىر قانچە ئەسكى بەتخۇي كېنىزەكلەرنى ئۇنىڭغا قاراشقا قويۇپتۇ ۋە ئۇلارغا:

— تامىقى ئاز بولسۇن، ئورۇن - كۆرپىسى بورىيا بولسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ۋە ناھايىتى خاپا ھالدا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، مەنسەپ تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىق ۋە پەرىشانلىقنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نېمىگە پەرىشان بولىسەن؟

ۋەزىر تەزىم قىلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، سىزنىڭ ئادالىتىڭىز خاراب بولغان جاھاننى ئاۋات قىلغانىدى؛ خارۇزار بولغان كىشىلەرنى ئەزىز قىلغانىدى. لېكىن، شاھزادە بولسا نامىمىزغا داغ تەگكۈزۈپتۇ، ئۇ قىزىم زۇھرا بىلەن بىرلىشىپ رەسۋالىق ئۆيىدىن باش چىقىرىپتۇ ۋە مېنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆكۈپتۇ. سىزگە قىلغان خىزمىتىم ۋە ئىتائىتىمنىڭ نەتىجىسىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. پادىشاھىم، قېرىغان ۋاقتىمدا بۇنداق بەدنامنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم، مەن پەرىشان بولماي كىم پەرىشان بولسۇن؟ — دەپتۇ ۋە بولغان ئىشلارنى ئاڭلىغان گەپلىرىگە قوشۇپ ھەممىسىنى پادىشاھقا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەزەب دەرياسى تېشىپ، ھەقىقەتنى سۈرۈشتۈرمەيلا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— شاھزادە بەھرام بۇ ۋىلايەتتىن سۈرگۈن قىلىنسۇن!

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى بەھرامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. بەھرام نائىلاج تەقدىرگە تەن بېرىپ، پادىشاھ ئاتىسىنىڭ ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلماي، سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، كۆڭلىنى غۇربەتكە قويۇپ، شەھەردىن چىقىپ چۆل - جەزىرىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى بۇ ۋەقەدىن پەرىشان بولۇپ، ۋىدالاشماق ئۈچۈن كېلىپ، كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. بۇ ۋەقەدىن شاھزادىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ ئېمىپ چوڭ بولغان ئېمىكئانىسى ۋاقىپ بولۇپ، بىتاقەت بوپتۇ ۋە ۋىدالاشقىلى كېلىپ، شاھزادىنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلاپتۇ. شاھزادە دەپتۇ:

— ئى مېھرىبان ئانا، بۇ كەلگۈلۈكلەر ئەسلىدىلا پېشانەمگە پېزىلغانىكەن، قېچىپ قۇتۇلۇشقا ھېچ ئىلاجىم يوق. بۇ بابتا ھېچكىمدىن شىكايىتىممۇ يوق، ئەمما، سېنىڭ ياخشىلىق مەرھەمىتىڭدىن ئۈمىدۋارمەنكى، ئامال قىلىپ زۇھرانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، مېنىڭ سالامىمنى ۋە بۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويساڭ: «سېنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىڭ مېنى بۇ مېھنەتلەرگە گىرىپتار قىلدى، ئەمدى بۇ ئىشق بالاسى ھەر قانداق يامان جايغا ئېلىپ بارسا مەن رازى. گەرچە ئاتامنىڭ پەرمانى مۇۋاپىق ھۆكۈم بولسىمۇ، ئىستەككە كۆڭۈل بېرىپ، جۇدالىق دەردىدە چۆل - دەشتلەردە غېرىب بولىمەن، ئەگەر بىلسەڭ، ئۆلگىنىمدىن كېيىن ئىشقىڭ مايسا بولۇپ، مېھرىگىياھ سۈرىتىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ھەر بىر تال بەرگى سۆسەندەك زۇۋان چىقىرىپ، سېنىڭ نامىڭنى توۋلايدۇ. ئەگەر ئىشق سېنىڭمۇ جېنىڭغا جاپا نەشتىرىنى ئۇرغان بولسا، تېز كېلىپ ماڭا جاپا - ھالاۋەتتە ھەمراھ بولغايسەن، بۇگۈن مېڭىشتىن بۇرۇن ئىككىمىز دائىم كۆرۈشىدىغان ھېلىقى دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۈمىدۋار بولۇپ ئولتۇرىمەن، ئەگەر كېلەلمىسەڭ، ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەن باياۋانغا يول ئېلىپ، تاغ دەشتلەردە سېنى ئەسلەپ نالە - پىغان قىلىمەن».

ئېمىكئانا بەھرام بىلەن خوشلىشىپ، ۋەزىرنىڭ ھەرىمىگە كەپتۇ، قارىسا ۋەزىر بەھرامنىڭ سۈرگۈن قىلىنغىنىدىن خۇشال بولۇپ، خاتىرجەم ئولتۇرغانىكەن. زۇھرانىمۇ بەنتتىن خالاس قىلغا-

نىكەن. ئېمىكئانا زۆھرا بىلەن ئاسانلا كۆرۈشۈپتۇ ۋە بەھرامنىڭ پىغانلىق سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. زۆھرا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانا، گۇمان قىلمىغىنكى، مېنىڭ جېنىم قەلب ھاياتىمدا ھالاۋەت تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىمنى پىدا قىلىپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يېنىغا يەتكۈزىمەن. ئەمما سەندىن ئۈمىد قىلىمەنكى، چاقماقتەك تېز ئۇچقۇر ئاتتىن بىرنى ھازىر قىلساڭ، سەپەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام.

ئېمىكئانا جان - دىل بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەشرىقتىن مەغرىبكە بىردەمدىلا يېتىپ بارالايدىغان ئاتتىن بىرنى دەرھال ھازىر قىلىپ، زۆھراغا خەۋەر بېرىپتۇ. زۆھرە دەرھال ئەرەنچە كىيىنىپ، ئاتىسىنىڭ غەزىنىسىدىن لازىمەتلىكلەرنى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئوغرىلىقچە ئۆيدىن چىقىپ، ئاتقا مىنىپ، بەھرام ئېيتقان ھېلىقى دەرەخ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بەھرام بولسا قاراڭغۇ كېچىدە زۆھرانىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىكەن. تۇيۇقسىز يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتنى كۆرۈپ، زۆھرانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. ئىككىسى بىر - بىرسىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ، ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شۇ قورقۇنچىسىدا شامالدەك تېزلىكتە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تۆتىنچى كۈنى سەھەر ۋاقتىدا بۇلاقلىرى كۆپ بىر جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. زۆھرا يول مۇشەققىتىدىن ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ يېشىلزارلىقنىڭ ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ، بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. زۆھرا سالقىن شامال، ساپ ھاۋا ۋە كۆكلەپ تۇرغان گىياھلارغا قارىغانسېرى راھەتلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بەھرام زۆھرانىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى ئېچىۋېتىشنى ۋە راھىتىنى بۇزۇشنى خالىماي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە: «ۋەزىرنىڭ ئادەملىرى كېلىپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئاتقا مىنىپ، بىر نەچچە قەدەم نېرىدىكى دۆڭگە چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا، يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كېپتۇ. بەھرام «بۇ كىمدۇ؟» دەپ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، ئۇ ۋەزىرنىڭ چاپارمىنى ئىكەن. ئۇ يىراقتىن بەھرامنى كۆرۈپ تونۇپتۇ - دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئاتا بىزار ئەييار، تېزدىن زۆھرانىڭ خەۋىرىنى بەرگىن، بولمىسا ھازىرلا بېشىڭنى كېسىپ، قېنىڭ بىلەن كەلكۈن كەلتۈرىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بەھرامنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپتۇ ۋە ئۆتكۈر قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ، چاپارمەننى بىرنى چېپىپ ئىككى پارە قىلىۋېتىپتۇ. بەھرام دۈشمەننى يوقىتىپ، زۆھرانىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئەمما پەلەك ھەر ۋاقىت يېڭى ئويۇن چىقىرىپ، كىشىگە ھەرخىل تاماشالارنى كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن.

بەھرام دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا، زۆھرا ئويغىنىپ قارىسا، بەھرام يوق ئىكەن. ئۇ يالغۇز قالغانلىقتىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئېتىغا مىنىپ، بەھرامنى ئىزدەپ يۈرسە، تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر ئاتلىق كىشى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بۇ كىشىنى بەھرام بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئېتىنى شۇ تەرەپكە قاراپ چاپتۇرۇپتۇ ۋە كۆڭلىدە «مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتمەكچى بوپتىكەن - دە» دەپ ئويلاپ، ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئەي بىۋاپا، ئەمدى ساڭا ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالدىممۇ؟ بىردەمدىلا مېنىڭدىن زېرىكىپ، چۆللۈككە يالغۇز تاشلاپ قويۇپسەن، بۇ قىلغان ئىشىڭ ئىنساب ۋە دىيانەتكە خىلاپتۇر، — دەپتۇ. بۇ كىشى زۆھرانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئارقىسىغا قاراپتۇ. زۆھرا قارىسا، ئۇ باشقا بىر كىشى ئىكەن. ئۇ يەنە مەيۈسلىنىپ، ساراسىمە بىلەن ئارقىغا قايتىپتۇ.

بەھرام دۈشمەننى يوقىتىپ، بۇلاق بېشىغا كېلىپ قارىسا، زۆھرا يوق ئىكەن. ئۇ زۆھرا ئۇچراتقان ئاتلىق كىشىنى يىراقتىن كۆرۈپ، «زۆھرا

بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا، زۆھرا بۇلاق تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى بىر دەرەخ توسۇپ، بىر - بىرسىنى كۆرەلمەپتۇ. زۆھرا بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ، بەھرامنى تاپالماي مەجنۇندەك بۇلاقنىڭ ئەتراپىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ھېچ يەردىن ئۇمىدنىڭ نۇرىنى كۆرەلمەپتۇ. زۆھرانىڭ كۆڭلى ۋەھىمىگە تولۇپ، بۇ چۆل - جەزىرىدە مىڭلىغان دەرد ئەلەم ۋە بىچارىلىك بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ يۈرۈپ بىر دەمدە قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ئاسمان زۇلمەت پەردىسىنى ئۈپۈقنىڭ ئەتراپىغا يېيىپتۇ. جاھان قاراڭغۇلىشىپتۇ. زۆھرا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، ھەر بىر گىياھنىڭ ياپرىقى كۆزىگە ئەجدىھادەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر گۈلبەدەن ئىكەنكى، گۈلنىڭ ياپرىقى بەدىنىگە تېگىپ كەتسە، نازۇكلۇقىدىن نېلۇپەر رەڭگىگە كىرىدىكەن، ئۇ راھەت - پاراغەتتىن، ئۆي - ماكانىدىن، ئاتا - ئانا ۋە خىزمەتكارلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى يالغۇز قورقۇنچلۇق بۇ دەشت - باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ، كۆپ مۇشەققەت تارتىپتۇ. مەجنۇنلۇق ئوتى بەدەنلىرىگە تۇتۇشۇپ، گاھى بەھرامنى ئويلاپ جىنى قىينالسا، گاھىدا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ زار - زار يىغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يالغۇز مىڭ جاپادا سەككىز كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، سۇبھى ۋاقتى بىلەن بىر شەھەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - ئەندىشە ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى بىر توپ كىشىلەر بىلەن شىكارغا ماڭغانىكەن. ئۇنىڭ نەزىرى تاسادىپىي زۆھراغا چۈشۈپتۇ ھەمدە بۇ نازىنىن «يىگىت»كە شۇھامان ئاشىق - بىقارار بولۇپ، ئىشقىنىڭ تىغىدا يۈرىكى لەختە - لەختە بوپتۇ. ئۇنىڭ شىكار ھەۋەسى ئۇنتۇلۇپ، ئۆزى ئوۋ غەنىيمىتىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئىختىيارسىز زۆھرانىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي يىگىت، قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز، قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. زۆھرا جاۋاب قايتۇرماپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تەقەززا بولۇپ قايتا سوراپتۇ. زۆھرا ئىلاجىسىز ئاۋازىنى ئەرلەرنىڭ ئاۋازىدەك چىقىرىپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— ئەي شاھزادە، مەن بىر غېرىب يىگىتتۇرمەن، ئۆز ماكانىمدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ماكانغا بارماقچى بولۇپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئالدىمدا بىر كېيىك پەيدا بولدى، ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ باياۋانغا چىقىپ قالدىم، ھەر قانچە قىلىپمۇ يول تاپالمىدىم، ئاخىر گاڭگىراپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن مېھمان بولغاچ ئارام ئېلىڭ، ئاندىن كېيىن قەيەرگە بارسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. زۆھرا ھەرخىل باھانىلەر بىلەنمۇ شاھزادىنىڭ قولىدىن خالاس بولالماي، ئىلاجىسىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇ خىزمەتكارلىرىغا زىياپەت تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپ، خىلمۇخىل ئېسىل تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن يېقىن كىشىلىرىنى چاقىرىپ، غىزالانغاچ سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە زۆھرادىن:

— ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېتىم ئاقىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زۆھرا.

تائامدىن كېيىن، شاھزادە خىزمەتكارغا ئاقىلنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن جاي راسلاش بېرىشنى بۇيرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەرىمىگە كىرىپ ئېمىكئانىسىنى چاقىرتىپ، كۆڭۈل سىرىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىپتۇ ۋە ئاقىلنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ:

— ئېمىكئانا، گەرچە ئۇ ئەرەنچە لىباس كىيىپ، ئۆزىنى ئەر سۈرىتىدە قىلىۋالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى پەقەت

ئەر كىشىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ چوقۇم ئەر ئەمەس، ئەگەر سەن ئىجازەت بەرسەڭ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل سىرىمنى ئىزھار قىلاي، — دەپتۇ. ئېمكئانىسى:

— ئەي شاھزادەم، بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن بەزى ئەركەكلەرنىڭ قىلىقلىرى خوتۇنلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى خوتۇنلارغا كۆپ ئارىلىشىپ يۈرگەنلەرمۇ خوتۇنلارنىڭ مىجەز - خىسلىتىنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يىگىت خوتۇن كىشى ئەمەس، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلساڭ، ئەر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ قالسا، خىجالەتتە قالىسەن، ئۇ چاغدا بۇ ۋەقە پۈتۈن جاھانغا پۇر كېتىپ، بەتنامغا قالىسەن، بولۇپمۇ بۇ مېھمان يىگىت قەيەرگە بارسا، مەجلىسلەردە بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ، بۇ قىلىقىڭ پادىشاھلارنىڭ سۆھبەتلىرىدە ئەپسانە بولىدۇ، تا قىيامەتكىچە خەلق ئارىسىدا يامان نامىڭ قالىدۇ. بۇنداق خىيالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن. ئەگەر ئۇ خوتۇن كىشى بولغان تەقدىردىمۇ مۇنداق ئەدەپسىزلىك سېنىڭدىن كۆرۈلمىسۇن، چۈنكى غېرىب - مۇساپىرلارغا ئازار بېرىش ساڭا لايىق ئەمەستۇر.

ئازار بەرمىگىن مۇساپىرغا ھېچ،
ياخشىلىق قىلغىن، كۈنۈڭ ئۆتەر تىنچ.
ئۇياتسىز، بەتخۇيلۇق ۋە رەسۋالىقلار
قىلغانىڭ بويىنغا ۋاجىپتۇر قىلىچ.

شاھزادە دەپتۇ:

— ئېمكئانا، بىلىمەن، گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، ئەمما ئىلاجىم يوق، كۆڭلۈم ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ، سەۋر - تاقەت، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقاتتىم. ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتالمايمەن.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ئېمكئانا، — ئەگەر كۆڭلۈڭنى باشقۇرالمىساڭ، ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئەر ياكى خوتۇنلۇقىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن كېيىن بۇ يولغا قەدەم قويغىن، شۇندىلا شەرمەندە بولمايسەن.

شاھزادە ئېمكئانىسىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ مېھمانخانىغا بېرىپ، ئاقىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دۇنيانىڭ ئەيش - ئىشرىتىدىن سۆز ئېچىپ، بىر ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى چاقىرىپ:

— بۈگۈن ئاخشام بۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىدە بولغىن، — دەپتۇ، ئاندىن ئاقىلغا قاراپ:

— ئەي ئەزىز مېھمان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇساپىرلىقتا يۈرۈپسىز، بۇ ئالەمدە بويتاق يۈرمەك بەك قىيىندۇر. بۈگۈن ئاخشام بۇ كېنىزەك ھەر قانداق ھاجىتىڭىزدىن چىقىدۇ، — دەپتۇ. ئاقىل:

— ئەي شاھزادە، سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپ، پاكلىق ئېتىكىنى گۇناھنىڭ لېيى بىلەن بۇلغاپ گۇناھكار بولۇش جايىز ئەمەستۇر، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ تەدبىر بىلەن مەقسەت گۈلىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، باشقا بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ خىزمەتكارلارغا كۆلنىڭ ئەتراپىنى پاكىز تازىلىتىپ، ئاقىلنى ئۇ جايغا باشلاپ ئاپىرىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— ئەي يىگىت، ئاپتاپنىڭ دەستىدىن ھاۋانىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ كەتتى، كۆلگە چۈشۈپ بىردەم سەگىدىۋالغىن، — دەپتۇ. ئاقىل:

— ئەي شاھزادە، شۇنداق قىلسام ياخشى بولاتتى، ئەمما نەچچە ۋاقىتتىن چۆل - باياۋانلاردا مېڭىپ يۈرۈپ، بەدىنىم قاپىرىپ قاناپ كېتىپتۇ. بۇنداق ھالەتتە سۇغا چۈشۈش پايدىسىزدۇر. ئەگەر ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىپ، رۇخسەت قىلسىڭىز خۇشال بولاتتىم، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ھەمدە خوشلىشىپ يولغا ماڭماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئىلتىماس قىلىپ: «يەنە بىر كۈن تۇرۇپ ئاندىن قايتسىڭىز» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاقىل شاھزادىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئىلاجىسىز قوبۇل قىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن ناھايىتى شاتلىنىپ:

— ئەتە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئىككىمىز بىللە شىكارغا چىقىپ ئوۋ قىلىشتا بىر - بىرىمىزنى سىنىشىپ باقايلى، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ ھىيلە بىلەن ئاھۇ رەنانىڭ ئەسلىي ھالىنى بىلمەك بوپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئاقىل ئەتىگەن تۇرۇپ شاھزادىگە تۇيدۇرماي شىكار بارگاھىغا بېرىپ ئوۋچىلارنى توپلاپتۇ، ئاندىن ھەممىسىگە ئىنئام بېرىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. زۇھرا ئۇلارغا:

— جاڭگاللىققا كىرىپ، قەيەردە شىر ئۇچراتساڭلار شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، — دەپتۇ. ئوۋچىلار ماقۇل بولۇپ جاڭگاللىققا كىرىپ، بىردەمدىلا ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاقىل شىرنىڭ قۇلاق ۋە قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا:

— سىلەر شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ گەپلەرنى ئېيتىڭلار، — دەپ، ئوۋچىلارغا بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپتۇ. ئوۋچىلار دەرھال بېرىپ شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، بىر يىگىت سەھەردە جاڭگالغا بېرىپ بىزگە ئۇقتۇرماستىن شىكارگاھقا كىرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بېرىپ قارىساق، ئۇ بىر شىرنى قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى. بۇنداق چاققانلىقنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىمىز، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. بۇ چاغدا ئاقىل كېلىپ شىرنىڭ قۇلاق ۋە قۇيرۇقلىرىنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھزادە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر باتۇر، مەرگەن «يىگىت»كە ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. شاھزادە پەرىشان بولۇپ، ئېمىكئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئېمىكئانا دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇنىڭدىن پەرىشان بولما. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى شاراب ئىچۈرۈپ مەست قىلغىن، شۇ چاغدا بۇ سىر ساڭا مەلۇم بولىدۇ.

بۇ سۆز شاھزادىگە يېقىپتۇ. ئۇ ئاقىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇشال ھالدا:

— ئەي ئاقىل، بۇنداق باتۇرلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانمەن. ساڭا قول قويدۇم، ئەمدى بىز سەن ئۇچۇن تەنتەنىلىك بىر بەزمە تۈزەيلى، بەزمىدە قانغۇدەك شاراپ ئىچەيلى، — دەپتۇ . ئاقىل جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھزادە، مەن مۇساپىر غېرىبنىڭ ھەممە ئىختىيارى سىزنىڭ قولۇڭىزدا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئەمما كوندۇزى ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدە بەزمە تۈزۈپ ئولتۇرساق ئانچە راھەت بولمايدۇ، شۇڭا بۇ بەزمىنى ئاخشىمى ئاي يورۇقىدا، دەريا بويىدا قۇرۇپ ئولتۇرساق، ئۇنىڭ نۇرىدا ئالەمنى يورۇتساق.

شاھزادە ئاقىلدىن بۇ كۆتمىگەن سۆزنى ئاڭلاپ شارابسىزلا خۇش كەيپ بولۇپ، مۇلازىملىرىنى دەرھال دەريا بويىغا زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. مۇلازىملار شاھزادىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. كەچ بولغاندا، دەريا بويىدا بەزمە قۇرۇپ، ساقىلار شاراب جامىنى لىق تولدۇرۇپتۇ. شاھزادە ئاقىلنىڭ لاتاپىتىگە مەپتۇن بولۇپ، خۇشلۇقىدا شاراب ئىچىپتۇ. ئاقىل بولسا خۇشاللىق بىلەن ساقىنىڭ قولىدىن جامنى ئېلىپ، باشقىلارغا ئۇقتۇرماي يەرگە تۆكۈپ، يالغاندىن ئىچكەن بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، بەزمىدىكىلەر مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ. بىر قىسمى مەستلىكتىن پۇتىنى ياستۇققا، بېشىنى يەرگە قويۇپ ئۇخلاپتۇ. ئاقىل ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، شاھزادىنىڭ تاج كەمەرلىرىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قاچىسىغا سېپتۇ ھەمدە قەلەمتىراچ بىلەن خەت يېزىپ قويۇپ، ھەممىسىنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپتۇ ـ دە، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى بوراندەك تېز چاپقۇر ئېتىغا مىنىپ كېتىپ قاپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. شاھزادە ۋە باشقىلار مەستلىكتىن يېشىلىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ بىر ـ بىرىگە قارىسا، ھەممىسىنىڭ بۇرۇنلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار نالە ـ پىغان قىپتۇ. شاھزادە خىجالەت بولۇپ، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا كىشى ئەۋەتىپ:

— ئۇ زالىمنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بۇ چاغدا ئاقىل ئاللىبۇرۇن شاھزادىنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپ، باشقا ۋىلايەتكە بېرىپ بولغانىكەن. ئۇ شۇ يەردە بىر گۈلچى خوتۇننىڭ

ئۆيىدە مېھمان بوپتۇ. خوتۇننىڭ كۆزى ئاقىلنىڭ جامالىغا چۈشۈپتۇ ھەمدە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— قايسى بوستاننىڭ سەرۋىرى، قايسى ئاسماننىڭ ئايى سەن؟ سەندەك چىرايلىق كىشىنى كۆرمىگەنىكەنمەن.

زۆھرا جاۋابەن:

— ئەي ئانا، مەن بىر غېرىب مۇساپىرمەن، ئېتىم ئاقىل. بېنگال ۋىلايىتىدىن كېلىشىم. ئاتام سودىگەر ئىدى. ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن جاھان كېزىش خىيالى كۆڭلۈمگە كىرىپ، تىجارەت يولىغا قەدەم قويدۇم، لېكىن بۇ جەھەتتە تەجرىبىسىزلىكىمدىن كارۋانلار كۆچكەندە ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قاپتىمەن. ئويغىنىپ كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر كۈن ماڭدىم، بىراق يېتىشەلمىدىم. كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، بېشىم ئايلىنىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قاپتىمەن. ئەگەر ياخشىلىق قىلىپ، بىر نەچچە كۈن ئۆيىڭىزدە تۇرغۇزسىڭىز، سىزدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دەپ قىممەت باھالىق بىر جاۋاھىراتنى چىقىرىپ، گۈلچى خوتۇنغا بېرىپتۇ. گۈلچى خوتۇن گۈلدەك ئېچىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆمۈر بويى بۇ ئۆيدە مېھمان بولۇپ، بېشىمغا دەسسەپ يۈرسەڭمۇ خوشال بولىمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاقىل گۈلچى خوتۇننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ، «بىرەر ياقتىن بەھرام كېلىپ قالامدىكىن» دېگەن ئۈمىد بىلەن تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا دۇكان ئېچىپ، ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈندۈزى دۇكان ئاچسا، كېچىلىرى گۈلچى خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بەھرامنىڭ پىراقىدا نالە قىلىپ، ساق - سالامەت دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولۇشنى تىلەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنىڭ داڭقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. ھەر تەرەپتىن كىشىلەر كېلىپ، ئۇنىڭ گۈل رۇخسارىنى تاماشا قىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئېتى پەرى پەيكەر ئىكەن. ھۆر - پەرىلەرمۇ ئۇنىڭ جامالىغا رەشك قىلىدىكەن. ئۇ ئاقىلنىڭ ھۆسن - جامالىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، پەرى پەيكەر بىتاقەت بولۇپ، يوشۇرۇن گۈلچى خوتۇننى چاقىرىپتۇ، ئاندىن بىر سىقىم جاۋاھىرنى ئۇنىڭغا بېرىپ مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دائىم گۈلچى خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاقىلنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادشاھ شىكارغا چىقىپتۇ. ئاقىلمۇ شامالدەك ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپ بىرگە بېرىپتۇ ۋە ئوۋ قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ ئالدىغا كەلگەن جانلىقنىڭ ھەممىنى ئېتىپ، بىر تال ئوقنىمۇ زايە قىلماپتۇ. پادشاھنىڭ مۇلازىملىرى ئاقىلنىڭ مەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا، پادشاھنىڭ نەزىرى تاسادىپىي ئاقىلغا چۈشۈپتۇ ھەمدە،ئۇنىڭ چەبدەسلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئاندىن يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئاخىر شىكاردىن ۋاز كېچىپ ئوردىسىغا قايتىپتۇ. ئۇ ئەمرلىرىدىن:

— بۇ زادى قانداق سېھىرلىك يىگىتتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بىر كىشى دەپتۇ:

— بۇ يىگىت مۇساپىردۇر. ئۇ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا دۇكان ئېچىپ سودا- سېتىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىك جەھەتتىكى داڭقى ئالەمگە يېيىلغاندۇر. ھەر تەرەپتىن خەلقلەر كېلىپ ئۇنى تاماشا قىلىپ كېتىدۇ .

پادشاھ:

— ئۇ يىگىتنى دەرھال ھازىر قىلىڭلار، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئاقىل ئىلاجسىز پادشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۆلىتىگە دۇئا قىپتۇ، ئاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادشاھ ئۇنىڭ ھۆسنىگە قاراپ ئەقلى لال بولۇپ، سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئەجەبتۇر ئىككى كۆزۈڭنى گويا ئىككى كلمان كۆردۈم،
ئەگەر مېنى ئاتار بولساڭ ئاڭا باغرىم نىشان كۆردۈم.

پەرى پەيكەرمۇ ھەمىشە ئاقىلنى ئويلاپ يۈرگەنكەن. ئۇ ئاقىلنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، خۇشاللىقتا يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، قەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بېشىنى تىقىپ ئاقىلغا تويماي قاراپتۇ. سۆيگۈ مەستلىكىدىن پادىشاھمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي قاپتۇ.

دامىڭغا چۈشۈپتۇر گۈل ھۆسن بىسيار،
قىلاي مەن ھۆسنۈڭنى بىردەم تاماشا.
مەن بىر توز باھاردا تەشنالەپ ئەي يار،
گۈل چىمەن قوينىدا سەن ئويناپ ياشا.

پادىشاھ تۇيۇقسىز قىزىنى كۆرۈپ، ھايانىڭ شامى ئۆچۈپ، نومۇسىنىڭ ئەينىكى بەتتامىلىق تېشىدا پارچىلىنىپتۇ. ئۇ دەرھال ئاقىلغا رۇخسەت بېرىپ، ئەمىر - ئۆمرالىرىنى جەم قىلىپ، كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئەمىر - ئۆمرالار بىرلىككە كېلىپ:

— ئالىيلىرى، بىزلەردىن مەسلىھەت سورىسىڭىز، جاۋابىمىز شۇكى، بۇ سىر تېخى خەلق ئارىسىدا ئاشكارىلانمىدى، شۇڭا مەلىكىنى بۇ يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىڭ. چۈنكى، ئىشقىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ناھايىتى مۈشكۈلدۇر. مۇھەببەتنىڭ ئوتىنى ساقلاش ئۈچۈن جاي بېرىش لازىمدۇر. مەلۇم بولدىكى، مەلىكە بۇ يىگىتنىڭ مۇھەببەت كەمەندىسىگە گىرىپتار بوپتۇ. ئەمدى سەمەننى ئېرىق لېۋىگە تىككەندە، سىزمۇ بۇ بەتنامدىن قۇتۇلىسىز، بۇ يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقىدىن بىرەر خاندانىنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى جايىز كۆرۈپ:

— ئاقىلغا خەۋەر بېرىڭلار، تېزرەك تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، بۇ چوڭ سائادەتكە مۇيەسسەر بولسۇن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى كېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئاقىلغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاقىل ئىچىدە چوڭقۇر ئاھ تارتىپ، مۇلازىملارغا:

— مەن بىر غېرىب مۇساپىرمەن، پادىشاھ ماڭا مېھرىبانلىق قىلىپ، مېنى ئۆز نەسەبىگە لايىقلار قاتارىدا كۆرۈپتۇ. ئەمما مەن ئۆزۈمنى بىلىمىپ، بۇ يولغا قەدەم قويماسلىقىم جايىزدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ مۇلازىملاردىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

— نى نى پادىشاھلار باردىن كېچىپمۇ يېتەلمەيۋاتقان بۇ سائادەت ئۇنىڭغا جەبىر - جاپاسىز لا مۇيەسسەر بولغاندا، باش تارتىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدىن ئىكەن؟ سوراپ كېلىڭلار، — دەپ يەنە كىشى ئەۋەتىپتۇ. خەۋەرچى كېلىپ ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئاقىل مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۈيۈك ئىززەت بارگاھىدىن يول تېپىپ، پادىشاھقا كۈيۈئوغۇل بولماق بەخت - تەلىيىمنىڭ كەلگىنى ئىدى. بىراق بۇ سائادەتنى قوبۇل قىلالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇرت - ماكانىمدىن ئايرىلىپ، دەشت - باياۋانلاردا ئاۋارە بولۇپ يۈرمەكتىمەن. مۇھىمى «مۈشكۈل ئىشىم ئاسان بولغۇچە سىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، ھەر قانداق راھەت - پاراغەتنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دۇنيانىڭ ھالاۋەت لەززىتىدىن بەھر تاپمايمەن، شەھۋەت نەپسىمدىن ھۇزۇرلانمايمەن» دەپ ئۆزۈمگە لەۋزە قىلغانىدىم.

خەۋەرچى قايتىپ كېلىپ، ئاقىلنىڭ سۆزلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا، قىزىمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى نىكاھىغا ئالسۇن. لېكىن مۈشكۈل ئىشى ئاسان بولغۇچە ھەممە ئىختىيارلىق ئۆزىدە بولسۇن، قانداق ئۆتكۈسى كەلسە شۇنداق ئۆتسۇن. قىزىممۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن تىرىشسۇن، قىزىمنىڭ غۇنچىسى ئېچىلمىغانلىقىغا ھېچ كىشى تەنە دېگىنى ئاقىل-

نىڭ دىلىغا سالمىسۇن، — دەپتۇ.

ئاقىل بۇ پادىشاھتىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي، ئىلاجسىز تەقدىرگە تەن بېرىپ تويغا ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ مەسلىھەتچىلەر ۋە خىزمەتكارلارغا بۇيرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئادىتى بويىچە توي تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاقىل پەرى پەيكەرگە ھەمراھ بولۇپ، كۆرۈنۈشتە بەزمە شاراب، كۆڭلىدە جىگەر قانلىرىنى شوراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن، پادىشاھ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرى پەيكەردىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىكەن، شۇڭا خەلق پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، كۈيئوغۇلغا شاھلىق تاجىنى كەيدۈرۈپ، مەملىكەتنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقىل پادىشاھ بوپتۇ، ئۇ ئاخشاملىرى يۈزىنى تۇپراققا يېقىپ «مەن شاھلىق تاجىغا سازاۋەر ئەمەس، بۇ دۆلەت چۆل ـ دەشتلەردە ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچىلەرگە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئەي ئاللا، سېنىڭدىن شۇنى تىلەيمەنكى، بەھرامنى بېشىمغا سايە قىلىپ، خورلۇق تۇپرىقىدىن كۆتۈرگىن، شاھلىقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ تۇردۇم، ئۇنى تېزرەك يېنىمغا يەتكۈزۈپ، مەن مەزلۇم بىچارىنى مۇراد ـ مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن» دەپ، ئاخشام ـ ئەتىلىرى ئاللاغا ئىلتىجا قىپتۇ. مۇشۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇئانىڭ ئوقى ئىجابەت نىشانىغا تېگىپتۇ.

بىر كۈنى، ئاقىل باغ ئىچىگە ياسالغان تەختتە ئولتۇرۇپ، خالايىققا كۆرۈنۈش بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى سوراش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، بىر دەرەخنىڭ شېخىدا بىر قاغا توختىماي قاقىلداپتۇ. ئاقىل قاغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ قاغىغا خىتاب قىپتۇ:

— ئەي جانىۋار، مەن سېنىڭ بۇ سادايىڭدىن جانانىنىڭ ۋىسالىنى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر تۇيۇقسىز غايىب بولغان ئىستىكىم غايىبتىن ھازىر بولۇپ ھىجران قاراڭغۇسىنى ۋىسال شامى بىلەن يورۇتسا، ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، سەن قونغان دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىل بىر ئۇۋا ياساپ، تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇنېمەتلەرنى سەن ئۈچۈن تەييار قىلىمەن، — دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا بەھرام جۇل ـ جۇل كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئۇ يېقىنراق كېلىپ قارىسا، بىر نازىنىن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ قۇياشتەك جامالى جاھاننى يورۇتىدىكەن. بەھرام ھەيران بولۇپ: «بۇ پادىشاھنىڭ چىرايى زۆھراغا ھەجەپ ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلاپ، يېقىن بېرىپ قارىسا، زۆھرانىڭ ئۆزى. ئىختىيارسىز ئىشق ئوتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تېخىمۇ يالقۇنجاپتۇ، ئەمما كۆز ئالدىدا تۇرغىنى پادىشاھ بولغانلىقتىن باشقا گەپ قىلالماپتۇ. زۆھرامۇ دەسلەپ ئۇنى تونۇماپتۇ، چۈنكى ئاپتاپنىڭ تەپتى ۋە غېرىبلىقنىڭ دەردىدىن بەھرامنىڭ رۇخسارى سارغىيىپ، جۇدەپ كەتكەنىكەن. ئەمما نېمىشقىكىن، ئىككىيلەننىڭ كۆڭۈللىرى دولقۇنلىنىپ لەرزىگە كەپتۇ. ئاخىر ئاقىل بىتاقەت بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي مىسكىن، قايسى مەملىكەتتىن بولىسەن؟ پادىشاھلىققا مۇناسىپ كۆرۈنىسەن، ئېتىڭ نېمە؟ سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە بىر مۇھەببەت ئويغاندى.

بەھرام مەشۇقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جاۋاب ئورنىدا كۆزىدىن ياش ئاقتۇرۇپ يىغان قىپتۇ. زۆھرامۇ ئۇنى تونۇپ، تەختتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ بەھرام بىلەن قۇچاقلىشىپتۇ. ھەر ئىككىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئۇلار ھوشىغا كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن جەۋر ـ جاپا، تارتقان مۇشەققەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى داستان قىلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، زۆھرا خۇشاللىقنىڭ ئەندازىسى بىلەن ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ، ئاندىن كېيىن بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ، بىر كېنىزەكنى پەرى پەيكەردىن بىر قۇر تويلۇق كىيىم ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئاندىن ئۆزىگە زىبۇزىننەت بېرىپ، نازلانغان تۇزغا ئوخشاش مىڭلىغان

ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۆيدىن چىقىپ پەرى پەيكەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پەرى پەيكەر ئاقىلنى تۇيۇقسىزلا يېڭى توي قىلغان كېلىن ھالىتىدە كۆرۈپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. خىزمەتكارلار پادىشاھنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، شاھلىق تاجىنىڭ رومالغا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

پەرى پەيكار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، زۆھرا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ دەپتۇ:

— ئەي مەلىكەم، مېنىڭ ئېتىم ئاقىل ئەمەس، بەلكى ۋەزىرنىڭ قىزى زۆھرا بولىمەن. ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان يىگىت پادىشاھلىققا مۇناسىپتۇر ۋە ساڭا ھەم ماڭا ئەر بولۇشقا لايىقتۇر، ئەگەر خالىساڭ ئىككىلىمىز ئۇنىڭغا ياتلىق بولىمىز. ئۆز ۋاقتىدا «بىر مۇشكۇلۇم بار» دەپ، ئاتاڭدىن مۆھلەت ئالغانىدىم، بۈگۈن شۇ مۇشكۇلۇم ئاسان بولدى، — دەپ پۈتۈن سىرىنى ئاشكارىلاپ، مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئاندىن پەرى پەيكەرنى بەھرامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پەرى پەيكەر بەھرامنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن، زەبەردەست قامىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. ئاندىن بۇ شەھەرنىڭ ئادىتى بويىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، زۆھرا بىلەن پەرى پەيكەر بەھرامغا نىكاھلىنىپتۇ. زۆھرا سۆيگۈ ۋىسالىغا ئېرىشىپتۇ. بەھرام پادىشاھ بولۇپتۇ. ئۇ ئادىللىق بىلەن سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)



# ياخشىلىققا ياخشىلىق

توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سېيىت

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەھەللىدە بىر موماي ئۆتكەنىكەن. موماي بالدۇرلا تۇل قالغان بولۇپ، يالغۇز ئوغلى بىلەن ئىككىسى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. لېكىن ئۇلار بارىغا قانائەت قىلىپ ياشايدىكەن. بۇ مومايىنىڭ ئوغلى ناھايىتى زېرەك، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىجىكلىكىگە قارىماي، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر ئۆستەڭنىڭ بويىدا نىمجان بولۇپ يېتىپ قالغان كىچىك بىر يىلاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا يىلان زۇۋانغا كەپتۇ ۋە بالىغا قاراپ:

— ئەي ئوتۇنچى يىگىت، رەھىم قىلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، ياخشىلىقىڭغا چوقۇم ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. يىگىتنىڭ ئىچى ئاغرىپ، يىلاننى ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان قاپاقىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن يىلانغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى بېرىپتۇ ۋە شۇ تەرىقىدە بېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىلان بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىلان يوغىناپ قاپاقتا سىغماي، قاپاقنى يېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىلاننىڭ يەيدىغان ئوزۇقىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىلان ناھايىتى تېزلا يوغىناپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەمدى يىگىتنىڭ بەرگەن نەرسىسىگە تويماي، چىقىپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ توخۇ ـ ئۆردەكلىرىنى يەيدىغان بوپتۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەر يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق يىگىتكە مەسلىھەت بېرىپتۇ. لېكىن، يىگىت بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلماپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ھېلىقى يىلان بارا ـ بارا يوغىناپ چوڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئۆيگىمۇ سىغمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. كېيىن يىلان يولنىڭ بويىغا چىقىپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ ئات ـ تۆگىلىرىنى يەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەقە ئاخىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ئۇنى ۋەھىمىگە ساپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ئوتۇنچى يىگىتنى چاقىرتىپ: «ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە يىلاننى يوقاتمايدىغان بولساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دەپ پەرمان

بېرىپتۇ. ئوتۇنچى يىگىت بەك بىئارام بوپتۇ. يىلان يىگىتنىڭ پەرىشان ھالدا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي شاپائەتچى يىگىت، نېمە غېمىڭ بار؟ قېنى ئېيتقىن، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم بېرەي، — دەپتۇ. يىگىت پادىشاھ بىلەن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى يىلانغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىلان ئوتۇنچى يىگىتكە قاراپ:

— شۇنىڭغىمۇ پەرىشان بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ قېنى ئۈستۈمگە چىققىن، — دەپتۇ.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بالا ھەيران بولۇپ.

— دادامنىڭ يېنىغا بارىمىز، دادام يىلانلار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى. مەن ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدىم. ئۆيىمىزنى تويۇقسىز سۇ بېسىپ كېتىپ، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ دەردىمدە چوقۇم ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالايلا دېدى. ھازىر شۇ يەرگە بارىمىز، — دەپتۇ يىلان. ئوتۇنچى يىگىت ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، يىلاننىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەمدى كۆزۈڭنى يۇم، مەن ئاچ دېگەندە ئاچقىن، — دەپتۇ يىلان. ئوتۇنچى يىگىت كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن «كۆزۈڭنى ئاچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت كۆزىنى ئاچقانىكەن، كۆز ئالدىدا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر ئوردا كۆرۈنۈپتۇ.

يىلان ئوتۇنچى يىگىتكە قاراپ:

— ئەگەر دادام سەندىن «نېمە تەلەپ قىلىسەن» دەپ سورىسا، بېشىڭىزدىكى مۆڭگۈزىڭىزنى بېرىڭ دېگىن، — دەپتۇ. يىگىت باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يىلان پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم قىپتۇ. ئوغلىنىڭ دەردىدە يۈرىكى زەرداب بولۇپ كەتكەن يىلان پادىشاھ ئوغلىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. يىلان شاھزادە دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئوتۇنچى يىگىتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىلان پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ ۋە يىگىتكە قاراپ:

— مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ ساڭا ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتلارنى بېرەيمۇ ياكى غەزىنەمنىڭ بىرىنى ساڭا بېرەيمۇ؟ ۋە ياكى سېنى بىرەر مەملىكەتكە پادىشاھ قىلىپ قويايمۇ؟ قېنى تېز ئېيت، — دەپتۇ.

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، پەقەت ئاشۇ مۆڭگۈزلىرىنى بەرسىلە بوپتىكەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى يىگىت. يىلان پادىشاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ كېتىپتۇ. يىلان شاھزادە دادىسىغا قاراپ:

— ماقۇل دېگىن دادا، بۇ يىگىت مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇنى چوقۇم رازى قىلمىسىمىز كېرەك، — دەپتۇ. يىلان پادىشاھ ئوغلىنىڭ گېپىنى يېرالماي ماقۇل بوپتۇ ۋە ئوتۇنچى يىگىتكە قاراپ:

— ئوغلۇم، بۇ مۆڭگۈزنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە بەرمىگەنىدىم، سەن سوراپ قالدىڭ، بوپتۇ، ساڭا بېرەي. بۇ خاسىيەتلىك مۆڭگۈز ھەر قانداق تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرىدۇ. مۈشكۈلاتىڭنى ئاسان قىلىدۇ، — دەپتۇ. ئوتۇنچى يىگىت يىلان پادىشاھتىن خاسىيەتلىك مۆڭگۈزنى ئاپتۇ - دە، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يىلانغا ياخشىلىق قىلىپ ئېرىشكەن ئاشۇ مۆڭگۈزنىڭ خاسىيىتىدە، ئۆمۈر بويى ئانىسى بىلەن راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىسىدىن سايلىخان يۈسۈپ،
توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)



«کوٚپ»، موٚحسین کیانزاده سزغان

www.uyghurkitap.com



«ساز مۇھەببىتى»

مۇھسىن كىيانزادە سىزغان


源 泉 (布拉克)

بۇلاق

( 维吾尔文 ) 总159期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 159-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力・托合提 副主编：穆合塔尔・马木提

باش مۇھەررىر: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043